قاراماي ئەسەرلىرى — 3



# گۈلۈم ئۈچۈن ياشايمەن

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاھ
خەتتات: ئابلىكىمجان زۇنۇن جەۋلانى



# گۈلۈم ئۈچۈن ياشايمەن

ISBN 978-7-5371-5963-0

9 787537 159630 >

باھاسى: **10.00** يۈەن

قاراماي ئەسەرلىرى — 3



# گۈلۈم ئۈچۈن ياشايمەن

( شېئىرلار )

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

مەسئۇل مۇھەررىرى: قەلبىنۇر قادىر ئارسلان
مەسئۇل كوررېكتورى: ئىبادەت ياسىن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاھ

قاراماي ئەسەرلىرى — 3

# گۈلۈم ئۈچۈن ياشايمەن

(شېئىرلار)

قاراماي ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
نەشرگە تەييارلىغان

*

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىببىيەت يولى 2 - كوچا 1 - قورۇ، پ: 830049)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ يىبەيفېڭ مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1168×850مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 5
2008 - يىل 7 - ئاي 1 - نەشرى
2008 - يىل 7 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN978—7—5371—5963—0
باھاسى: 10.00 يۈەن

بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز

图书在版编目(CIP)数据

为爱者永生：维吾尔文/克拉玛依文联编．—乌鲁木齐：新疆青少年出版社，2008．7
（油田精作）
ISBN978—7—5371—5963—0

Ⅰ．为… Ⅱ．克… Ⅲ．诗歌—作品集—中国—当代—维吾尔语 （中国少数民族语言）Ⅳ．I227

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2008)第 110250 号

责任编辑：卡丽拜努尔·卡德尔·阿尔斯朗
责任校对：依巴达提·亚森
封面设计：阿里甫·夏

油田精作—3
为爱者永生（维吾尔文）
（诗歌篇）
克拉玛依文联 编

新 疆 青 少 年 出 版 社 出 版
（乌鲁木齐市胜利路二巷 1 号邮编：830049）
新 疆 新 华 书 店 发 行
新疆翼百丰印务有限公司印刷
850×1168 毫米 32 开本 5 印张
2008 年 7 月第 1 版 2008 年 7 月第 1 次印刷

ISBN978—7—5371—5963—0 定价：10.00 元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换

# مۇندەرىجە

**ئىبراھىم نىياز**
دادامغا ...................................................... 1
شېئىرىمنى يىرتىۋېتىمەن ..................................... 4
ئۆزۈم خالاپ سېغىندىم ئازاب .................................. 6
دوست دە ........................................................ 9
شېئىردىكى قىزىل ئەترگۈل ...................................... 10
مۇھەببەتنىڭ ئالدام خالتىسى .................................... 13
شۇنداق دەيدۇ مىنىڭ ۋىجدانىم ................................... 14
قەبرە بېشىدا ................................................... 16
**ئابدۇۋاھىد ئوسمان جۇدۇن**
ئۆچۈرمىگىن ھايات شامىغىنى ..................................... 18
كۆڭلىدە مەشرەپ ئۆلكىدە ....................................... 19
پەرىشتىگە بەرگىن قىنىمنى ..................................... 20
كروران گۈزىلى ................................................ 21
**ئەركىن مۇھەممەد كامالى**
ھايات دېگەن بىر ھارۋا ......................................... 22
ئايلىنىپ كەتسە ھەممە ئۇيۇلتاشقا ................................ 24
چەككەندە ئىشكىنى قىرىق ياشنىڭ ................................ 25
چۆشەنگەندە ھاياتنى ............................................ 27
مىشچانلىقنى يېڭەر يىگىتلىك ................................... 28
ئۆزۈمنى كۆڭلىدە بىر رەت ۋاراقلايمەن ............................ 29
**ئوسمان قاۋۇل**
ئىزىڭ نەدىدۇ .................................................. 31
خورازسىز شەھەر ............................................... 33
سېنى چىللايمەن ................................................ 35
گۈلۈم ئۈچۈن ياشايمەن ......................................... 37
نېمىشقىدۇر... .................................................. 38

**ئايبېك ئۆمەر ئۇيغۇرى**


خوتۇنۇم مۇنداق دەيدۇ ........................ 39

سەن سۆيۈملۈك، ئەمما ھىيلىگەر ........................ 41

شېئىر ئىزدەش ئېلانى ........................ 42

كۆرمىسە ئەر دېگەن ئەردەك ئۆزىنى ........................ 43

قىشتىكى باھار يېزىلغان كىتاب... ........................ 44

ئىشەنسەڭ بۇ دۇنيا نۇر بىلەن ھايات ........................ 46

يۇرت كۆرگەندە... ........................ 47

دىئالوگ ........................ 48

ئەيىب ئەمەس ياش تۆكسە بەزىدە ئەر ........................ 49


**زۆھرەگۈل ئەخمەت**


ھېچكىم بىلمەيدۇ قىز بالىنىڭ يۇرتىنى ........................ 50

سۆيگۈسىز باغلارنى قۇچاقلاپتىمەن ........................ 52

ياشلىق ھەققىدە ........................ 53


**مۇھەممەد مەمتېلى**


سالام ساڭا پېشقەدەملەر ........................ 54

سەن ئامىتىم، سەن مېنىڭ بەختىم ........................ 56


**ھەسەنجان بوساق**


غەزەللەر ........................ 58


**ئادىل يۈسۈپ**


نېفىتچى ناخشىسى ........................ 63

ياز، سېغىنىش ........................ 6

گۈلزارلىقتا چۈشكەن سۈرىتىڭ ........................ 67


**دىلنۇر ياسىن**


قەلبىمدە بىر ئوت بار يانغىنى يانغان ........................ 69

باھارنى باغاشلاپ كەلگەچكە نورۇز ........................ 70

سوئاللارغا كۆمۈلدۈم ........................ 72

تۇنجى سۆيگۈ ........................ 73

يامغۇر... ........................ 74


**ئامىنە دۆلەت**


ۋاقىت ھەققىدە ........................ 75

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

**سەۋرىدىن ھېنىپىدىن**
پادىچى بالا ............ 77
پارچە تىنىقلار ............ 79
چۆل ئوغلانى ............ 82
**غالىب توختى**
رۇبائىي ۋە پارچىلار ............ 84
ئەينەك ............ 86
يارقىن يىللار كارتىنىسى ............ 87
**ئارزۇگۇل ئابدۇرېھىم**
شۇ چاغلار ............ 90
**ئىرشات ھېيتاخۇن**
مەنتىقە ............ 91
قىسمەت ............ 92
رۇبائىيلار ............ 93
**مەريەم مۇھەممەد**
تەلمۈرۈش ............ 95
سۆيۈپ قالدىم مەن سېنى شۇنداق ............ 96
**قەلبىنۇر ئوبۇلھەسەن**
تەسرات ............ 97
**توختى قاسىم خۇشال**
ئانا ............ 98
گۈلىستان بۇلبۇلىدۇرمەن ............ 100
قىرلارنى «ئەبگار» دېمەڭلار ............ 101
**دىلمۇرات تۆمۈر**
ۋىلسىپىتلىك خىياللار ............ 103
قاپتۇ ئىشسىز شەيتانلار بۇ دەم ............ 104
دوڭغاق جىگدە ............ 105
مەن كۆزۈمدىن سىرغىپ چۈشكەن ياش ............ 106
تەلپۈنىمەن مەڭگۈ قۇياشقا ............ 107
**جۇماباي جەكسەنباي**
تۇغمىدىن تۆگىچە ............ 109

**ئالىيە ئۆركىنباي**
دادا ........................................ 110
ياد ئەتتىم ئەركەم مەن سېنى ........................ 111
**قادىر سىدىق**
جۇڭغارىيە قەسىدىسى (مۇسەددەس) .................... 112
**تۇنىياز قادىر**
ساخاۋەتلىك ئانىلارغا ............................ 116
يالغانچىلىقنىڭ ئاقىۋىتى (مەسەل) .................... 117
**مۇھەممەدجان سىدىق**
ئىككى غەزەل .................................. 119
**ئابلا ئابلەت**
تىلەك ........................................ 121
مۇزىكا ....................................... 122
**ئوبۇلقاسىم قادىر قورغان**
سەككىزىنچى مارتنىڭ كۆزىدە ........................ 123
قىز لېۋىدەك سۆيۈملۈك دۇنيا ....................... 125
**رەھىمجان رەھمەتجان**
مۇئەللىم ...................................... 126
سەن كېتىپ....................................... 127
ساۋاقداش ..................................... 128
**ئابدۇغېنى ئابدۇرىشىت**
دېرىزە ئالدىدىكى ئەر (لىرىك داستان) .................. 129
**تۇرسۇنجان ھاشىمى**
ئۇچۇش ....................................... 140
**رەپقەت غوپۇر**
ھايات مېلودىيىسى ............................... 146
رەسسام ۋە كارتون چۈش ........................... 149
قاراماي ...................................... 152

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



# دادامغا

قەلبى ئاتەش سۆيۈملۈك دادا،
بەخت دېگەن شۇنداق بولامدۇ
گۈلدەك كۈلدى سەن بىلەن دۇنيا...

گەرچە
سەن دۇنيانى تىترەتمىسەڭمۇ،
مىليونىرغا ئايلانمىساڭمۇ،
يا ئەمەلدار بولالمىساڭمۇ،
ئەڭ سەممىي يۈرىكىڭ بىلەن،
ياشاپ كەلدىڭ ئادەمدەك دادا...

بەللىرىڭمۇ مۈكچەيدى ئاخىر،
قارا تۇپراق، ئېتىز باغىردا.
ساپ ئەجرىنىڭ مېۋىسى تاتلىق،
راست ئېيتسەن سۆيۈملۈك دادا.
راست ئېيتسەن: «تۆت كۈنلۈك دۇنيا
ھەممىمىزدىن قالىدۇ چوقۇم.
گەرچە ئالىم بولالمىساڭمۇ،
بولغىن ئادەم، ئادەمدەك ياشا! »

شۇنداق دەيتتىڭ سۆيۈملۈك دادا،
كېتۋېتىپ ئېتىز يولىدا.

راست ئېيتىسەن سۆيۈملۈك دادا،
ھەقىقەت بار ئېتىزلىرىڭدا،
ھەقىقەت بار ھەربىر دېنىڭدا.
راست ئېيتىسەن قەدىردان دادا،
مېنىڭ جېنىم سېنىڭ جېنىڭدا،
سېنىڭ جېنىڭ مېنىڭ جېنىمدا،
چۈشىنىمەن ساددا قەلبىڭنى،
شۇنچىلىكتۇر راستتىنلا دۇنيا...

ھەي !...
ھايات دەرىخىڭ قاغجىراپ قالدى،
ئۆتۈپ كەتتى ھەش - پەش دېگۈچە،
يەتمىش باھار، يەتمىش زىمىستان.
بىر ئابىدە تىكلىدىڭ ئەمما،
يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر قېتىدا،
كىر قوندۇرماي ئادەملىكىڭگە،
ئۆمۈر بويى ئادەمدەك ياشاپ...

دادا،
ئۆمۈر دەرىخىڭ قاغجىراپ قالدى،
باغجانلىغان يىلتىزلىرىڭدىن،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

پەخىرلىنىپ ياشىغىن ئەمما.
ھەر سەھەر،
نۇر چاقنىسۇن تەبەسسۇمۇڭدىن
شۇنداق
كۈلۈپ يايرار مېنىڭ يۈرىكىم،
دادا،
ياشا مەڭگۈ ھايات بېغىمدا.



# شېئىرىمنى يىرتىۋېتىمەن

مەن سېنى راستىنلا سۆيەتتىم گۈلۈم،
قەلبىمدىن، باغرىمدىن، يۈرىكىمدىن ھەم.
چېكەتتىم سەن ئۈچۈن ئىزتىراپ ـ ئازاب،
ھەر مىنۇت، دەقىقە كۆزلىرىمدە نەم.

كۈتەتتىم يولۇڭغا تەلمۈرۈپ قاراپ،
سېغىنىش ئوتىدا كۆيۈپ دەممۇدەم.
مەيلى سەن ئىشەنمە ۋە ياكى ئىشەن،
بىر سېنى قەلبىمدىن سۆيەتتىم لالەم.

يۈرىكىم ياپراقتەك تىترىگەندىمۇ،
دۇنيانىڭ شادلىقى سېنىڭدە دەيتتىم.
بىر نەرە ئەيلىسەڭ، تەبەسسۇمۇڭنى،
گوياكى يالقۇندەك يېنىپ كېتەتتىم.

لىرىكام سەن ئۈچۈن تىزىلار ئىدى،
سەن ئۈچۈن گۈل بولۇپ ئېچىلغان ئىدىم.
سەن ئۈچۈن كۈندە بىر تۇمارنى پۈتۈپ،
يولۇڭغا تەلمۈرۈپ تۇراتتى قەلبىم.

كېپىنەك دەپ قالاتتىم ئۆزۈمنى بەزەن،
يۈزۈڭگە، لېۋىڭگە قونماق بولاتتىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

سەن مېنى بىر قېتىم ساقلىغان جايغا،
بىر ئەمەس، ئون قېتىم ئۇچۇپ باراتتىم.

مەن شۇنداق ياشىدىم سەن ئۈچۈن لالەم،
ھەم مەڭگۈ مۇشۇنداق ئۆتمەكچى ئىدىم.
ۋە لېكىن تەقدىرنىڭ كاجلىقى ئۈچۈن،
ئاخىرى شېئىرىمنى يىرتىپ تاشلىدىم.



# ئۆزۈم خالاپ سېغىندىم ئازاب

## 1

ئەجەب ئېچىلمىدى دېرىزەمدە گۈل،
ئوتلۇق تىنىقلىرىم تۇرسىمۇ يەلپۈپ.
ياشاپ كەلمەكتىمەن ئادەملىكىمدە،
ۋاقىت دەرىخىگە قىسمەتلەر پۈتۈپ.

گۈلگە ئايلانمايدۇ دالدا شىۋاق،
نۇر بوپ چېچىلسامۇ ھەربىر گىياھقا.
ئېگىز چوققىلارغا تاشلىدىم نىگاھ،
بۈركۈت قونغىنىدا ئېگىز قىياغا.

يالغان يېزىلغان ئەتىكى قىسمەت،
ئەجەب كىرىپ قاپتۇ چۈشۈمگە ئاخشام.
تىنىمسىز كۆيمەكتە ئىچىمدە بىر ئوت،
دەشتلەرنىڭ قوينىدا تېنەيدۇ ناخشام.

مېنىڭ ئىتىزىمدا چېچەكلەپتۇ قۇم،
ئېشەك، تۆگىلەرنى يۈرەر يېتىلەپ.
بىر توپ نارەسىدە كەپسىز باللار،
ئۇندا تايچاقلاردەك يۈرەر ئەركىلەپ.

مېنىڭ بىساتىمغا كۆمۈلگەن ئەجەم،
ھەربىر تومۇرۇمدا كەلمەكتە ئېقىپ.
سادىر پالۋىنىمغا ئوخشتاي كىمنى؟
بۇنداق شەرەپلەر كىملەرگە نېسىپ؟!

يولىغا تەلمۈردۈم مەختۇمسۇلانىڭ،
ئوغلۇم قالغىنىدا «ئاپا!...» دەپ يىغلاپ.
تۆندە قاراڭغۇلۇق بولسىمۇ دەھشەت،
ئۆزۈم خالاپ تۇرۇپ سېغىندىم ئازاب...

2

يۇلغۇن چېچەكلىرىدىن تامدۇ مېھىر،
ۋىجدان تومۇرلىرىدىن سىرغىغاندا قان.
ئەرلىك غۇرۇرۇڭنى كېلەرمۇ ساتقۇڭ،
خەنجەر يۈرىكىڭدىن سورىغاندا جان؟!

ئېپلاس نەيرەڭلەردىن تامدۇ زەرداب،
سېنىڭ ئادەملىكىڭ كۆكلىگەن جايدا.
دۇنيا ساددىلىقنى ئەتكەندە تەرك،
سۆيگۈ پەرىشتىسى يۈرەركىن قايدا؟

ئاق ئەتىرگۈلدەك ئېچىلسا ئارمان،
ئىللىق كۆلۈمسىرەش كېلىدۇ يامراپ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى پىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىڭى ئادرېسى

بەخت - تەلىيىڭنى بېرەرمۇ تەڭرى،
ياشاپ ئۆتكىنىڭدە ئۆزۈڭنى ئالداپ...

ئايدىڭ كېچىلەردە تولۇن ئاي يىغلار،
بەخت يۇلتۇزۇڭنى تاپالمىغاندا.
يىغلاپ تاشلىشىڭدىن ئۆكۈنەر گۈلۈڭ،
سەنمۇ كۈلۈپ قۇچاق ئاچالمىغاندا...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# دوست دە

قولۇڭغا قول بولغاننى دوست دە،
پۇتۇڭغا پۇت بولغاننى دوست دە.
تاپىنىڭغا كىرگەندە تىكەن،
ئۇنى يۇلۇپ ئالغاننى دوست دە.

تەنھالىقتا ياتقان چېغىڭدا،
ھەسرەت يۇتۇپ ياتقان چېغىڭدا،
ھېچبولمىسا تەسەللى بېرىپ،
ئۈمىد شامى ياققاننى دوست دە.

زار بولغاندا بىر بۇردا نانغا،
قول سوزغاندا ئەزرائىل جانغا،
سېنىڭ ئۈچۈن ئۈنسىز ياش تۆكۈپ،
كۆندە ھەمراھ بولغاننى دوست دە.

بىللە چىقىپ ئۇزۇن سەپەرگە،
يولۇققاندا مۈشكۈل ـ خەتەرگە،
ياماشقاندا تىك قىيالارغا،
قوللىرىڭدىن تارتقاننى دوست دە.

دوست دېگەننىڭ خىلمۇخىلى بار،
بىرى نامەرد، بىرى ئىچى تار،
دوستلۇق ئۈچۈن ساداقەت ئىزدەپ،
يامان يولدىن توسقاننى دوست دە.

# شېئىردىكى قىزىل ئەترگۈل

1

دۇنيا تىلسىملانغان ئاخشىمى،
شۇڭغۇپ چۈشتى كۆكتىن بىر يۇلتۇز.
شېئىردىكى قىزىل ئەترگۈل،
ئايلانماقتا بىر پارچە نۇرغا،
ئۆز جايىدا ئولتۇرۇپ يالغۇز.

قىش ئاخشىمى،
قولۇمدا چوغسىمان قىزىل ئەترگۈل،
ئۇرۇلدۇ چوغنىڭ تەپتى گۈپۈلدەپ.
ئېرىپ كەتتى قارنىڭ ئۇچقۇنى،
ئەترگۈلنىڭ بەرگىدە لەيلەپ.

لەۋلىرىمدە ئەترگۈل ھىدى،
ئەستىن چىقماس توققۇزىنچى مارت،
ئۇچۇپ كەلدى ئەترگۈل بولۇپ.
ئۇچۇپ كەلدى قۇشلار پىچىرلاپ،
ئۇچۇپ كەلدى گۈللەر شىۋىرلاپ،
كەتتى شۇ چاغ،
ھەممە ماڭا گۈلدەك تۇيۇلۇپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگى ئادرېسى

شېئىر گويا مەن ئۈچۈن تىلسىم،
ئاشۇ سىرلىق تەكلىماكاندەك
يېتەلمىگەن تېگىگە ھېچكىم.
ئېچىلىدۇ گاھى تىكەنلىك،
ئۇ گاھىدا قىزىلگۈل بەلكىم.

ناخشا ئېيتقۇم كەلدى بىردىنلا،
توققۇزىنچى مارت ئېچىلغان گۈلگە
كۆلۈمسىرەپ تىكىلگىنىمچە.

2

چەكسىز جەزىرىنىڭ تىنىقى دەردلىك،
سىم - سىم يامغۇرنى چارچىدى كۈتۈپ.
قۇملار چېچەكلىدى بوگۈنمۇ يەنە،
يىللار ئەنە شۇنداق كەتمەكتە ئۆتۈپ.

تۆت كۈنلا ياشىدىم دۇنيادا تېخى،
مىڭ ياشلىق توغراقتەك ئاقاردى ساقال.
ئېھ، سېنىڭ ئوتلىرىڭ كۆيدۈردى ئەجەب،
سېنىڭسىز ۋۇجۇدۇم ھېلىھەم قاقشال.

شېئىرغا ئايلاندى قىزىل ئەتىرگۈل،
بىر پارچە يۈرەكتەك ئېچىلىپ ئاخىر.

يەنە كىم كۆتۈرۈپ يۈرىدۇ سېنى،
سەن يەنە كىملەرنىڭ قەلبىدە زاھىر.

مەۋھۇم خىياللارغا كۆمۈلسە تەقدىر،
قۇملار چېچىكىدىن ئۆرلەيدۇ پىغان.
رەشك ئوتلىرىغا كۆلۈپ تاشلىدىم،
سەندىن يىراقلىشىپ كەتكەندە ئىمان.



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# مۇھەببەتنىڭ ئالدام خالتىسى

دوپپامدىكى تۆت تال جىگدىگە،
قاراپ ـ قاراپ پاتتىم خىيالغا.
قاماشتۇردى كۆزۈمنى يەنە،
ئۇ بىردىنلا ئوخشاپ ئايالغا.

ئويلاپ قالدىم ئۆمۈر دېگەننى،
دوپپامدىكى تۆت تال جىگدە دەپ.
ئۆتۈپ كەتتى ئۆمۈرنىڭ تېگى،
بىلمەي ئۇنى تاشلىغاندا يەپ...

تېنەپ يۈردۈم دوقمۇشلىرىڭدا،
ئېھ، ھاياتنىڭ خالتا كوچىسى.
مېنى ئەخمەق كۆرگىنىڭمۇ بۇ،
مۇھەببەتنىڭ ئالدام خالتىسى.

مۇھەببەتنىڭ ئالدام خالتىسى،
چۈشۈپتىمەن راستلا دامىڭغا.
ياشلىقىمدىن ئايرىلغان كۈنى،
ئالارسەنمۇ مېنى يادىڭغا؟ !...

# شۇنداق دەيدۇ مېنىڭ ۋىجدانىم

شۇنداق دەيدۇ مېنىڭ ۋىجدانىم:
بەزىلەر ئىت بولسا بولىۋەرسۇن، بەس !
بىر پارچە سۆڭەككە قىلمىغىن ھەۋەس.
سېنى ياراتقاندا ئەسلىدە تەڭرىم،
ئادەمگە خاس ئەقىلنى بېرىپ،
نېسۋىسى بولغاندا كەڭرى
ئىتقا ئايلانسۇن دېگەنمۇ ئەمەس !

شۇنداق دەيدۇ مېنىڭ ۋىجدانىم:
ياشىماقنىڭ يوللىرى تولا.
ئېغىر قىسمەت چۈشسىمۇ باشقا،
مېنى ھەرگىز سېتىپ تاشلىما !

شۇنداق دەيدۇ مېنىڭ ۋىجدانىم:
مېنى سېتىپ يۈرگەنلەر تالاي.
بىرلىرى ئەمەلنىڭ ئويىدا ساتتى،
بىرلىرى بىر نانىنىڭ كويىدا ساتتى.
بىرلىرى بىردەملىك خۇشاللىق ئۈچۈن،
كوچىدا جانانىنىڭ ئوتىدا ساتتى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

شۇنداق دەيدۇ مېنىڭ ۋىجدانىم:
مېنى سېتىپ ئارام تاپقانلار،
كېتەلمدى ئەرشكە چىقىپ.
مېنى ساتما جېنىڭ چىقسىمۇ،
ياشا ئەلنىڭ سۈيىدە ئېقىپ...

# قەبرە بېشدا

(... غا بېغىشلىما)

مۇشۇ يەردە سۇندى تۈۋرۈكۈك،
مۇشۇ يەردە ئاقتى كۆز يېشىڭ.
مۇشۇ يەردە مۇجۇلۇپ يۈرەك،
مۇشۇ يەردە ئېگىلدى بېشىڭ...
مۇشۇ يەردە بىردىنلا ئەجەب،
قانىتىڭدىن ئايرىلىپ قالدىڭ.

مۇشۇ يەردە ئېزىلىپ باغرىم،
ساڭا بەكمۇ ئاغرىدى ئىچىم.
سەندەك كۆز ياش تۆكمىگەن بىلەن،
يۈرىكىمدە يىغلاپ تاشلىدىم.

بولالمىدىم، كەچۈر ! ئەسلىدە
بىر قانىتىڭ بولماقچى ئىدىم.
ئېغىر قىسمەت چۈشكەندە ساڭا،
دېيەلمەستىن ساڭا ھېچنېمە،
ئۆزۈمنىڭمۇ ئاجىزلىقىنى،
ئاستا - ئاستا چۈشىنىپ قالدىم.

ئاشۇ كۈنى قەبرە بېشىدا،
بىر تىننىقتەك بىلىندى دۇنيا.
يەنە شۇنداق تۆكەرسەنمۇ ياش،
مەنمۇ سەندىن ئايرىلىپ بىر كۈن،

ئاشۇ يەرگە كېتىپ قالغاندا...
دۇئا قىلدىم پىچىرلاپ ئاستا:
مېنىڭ بىر تال ئەتىرگۈلۈمنى،
قانىتىدىن ئايرىما خۇدا ! ...





ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئۆچۈرمىگىن ھايات شامىڭنى

ئاتا - ئانىڭ ياندۇرغان ئىدى،
سېنىڭ ئوتتۇز شامىڭنى پەرلەپ.
بۈگۈن ئاشۇ بەزمىخانىدا —
ئۆچۈردۈڭغۇ شامىڭنى ئەجەب؟

تۇۋا دەيمەن، «كەشپىياتىڭ»غا،
تەتۈر ئادەم، تەتۈر ئالەمگە.
زۇلمەت تۈننى چىللىساڭ ئەگەر —
چىدالامدۇق سېنىڭ نالەڭگە.




ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

# كۈندە مەشرەپ ئىلكىدە

دېدى بىرى كېلىپ يۇرتۇم قوينىغا:
«پاھ، جەننەتتىن پەرقى يوقلا ئىكەنغۇ،
كۈندە مەشرەپ، نەغمە ـ ناۋا ئىلكىدە ـــ
ھەر كىشىنىڭ كۆڭلى توقلا ئىكەنغۇ!»

دېدىم: بىزغۇ ئويناپ ـ كۈلۈپ ئۆتىمىز،
بىراق، لېكىن، ئەتە ـ ئۆگۈن «كېتىمىز».
بويۇن قىسىپ قالسا كېيىن ئەۋلادلار،
ئەنە شۇ چاغ «چىن مۇراد»قا يېتىمىز...




# پەرىشتىگە بەرگەن قېنىمنى

«ئاق خالاتلىق پەرىشتە» دېسە،
«قانداق گەپ بۇ؟» دەپتىمەن تېخى.
ئەزرائىلنىڭ قېشىغا بېرىپ،
بىر كۆز يۇمۇپ كەپتىمەن تېخى...

ھەيرانلىقتا كۆزۈمنى ئاچسام،
كۈلۈپ تۇرار ئىدى پەرىشتە.
بولمىسا ئۇ، ئۆزۈمنى بۈگۈن —
كۆرەر ئىدىم چوقۇم ئەرشتە.

ئاھ، تەڭرىدىن تىلەيمەن شۇنى،
ئالساڭ ئالغىن مېنىڭ جېنىمنى.
مىڭ بىمارنىڭ شادلىقى ئۈچۈن —
پەرىشتىگە بەرگەن ئۆمرۈمنى !



# كروران گۈزىلى

كروران گۈزىلى — سەن مېنىڭ ئانام،
مىڭ يىللاپ ساقلىدىڭ بەختىمنى كۆزلەپ.
كۆزۈڭنى بىر ئېچىپ، يۇمدۇڭ قايتىدىن —
ۋە لېكىن قويمىدىڭ بىر ئېغىز سۆزلەپ.

چۈشەندىم، چۈشەندىڭ شۇ دەقىقدە —
پەرزەنتىڭ ئەي بولۇپ كەتمىگەن تېخى.
چۈنكى ئۇ سۈتۈڭنى «پىشۇرۇپ» ئىچكەن،
كەچۈرگىن، ئانىجان سېخىيسەن سېخىي !





ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ھايات دېگەن بىر ھارۋا

جىمىرلايدۇ يۇلتۇز بولۇپ يۇلتۇز كۆزلەر،
قان بولۇپ ئاقار تومۇردا شېرىن سۆزلەر.
بۇ دۇنيادا بار رىزقى ھەممىمىزنىڭ،
ھەممىمىزنىڭ كۆزلىرى ئېسىل كۆزلەر.

ھايات دېگەن بىر ھارۋا چايقىلىدۇ،
گاھى گاداي، گاھى ئۇ باي قىلىدۇ.
ئۆتكۈزسەڭسەن ئادىشىپ بىر دەقىقىنى،
بەللىرىڭنى مۈكچەيتىپ ياي قىلىدۇ.

تۈگۈچلىرىڭ تۈگەيدۇ تۈگۈپ قويغان،
بىخ يارىدۇ تاشلارمۇ ئەمەس يالغان.
ئىس تارتمايدۇ ئۇچىقىڭ قاچىسا ئامەت،
ئىس تارتمىغان ئوچاقنى خۇدا ئۇرغان.

ئۆز ئوقىدا ئايلىنار چاقپېلەكلەر،
كۈن نۇرىنى توسالماس پەش ـ ئېتەكلەر.
بېزەك بېرەر، تۈس بېرەر جەزىرىگە،
ياخشى دىلدىن تۈگۈلگەن پاك تىلەكلەر.

مېھمان بولۇپ دۇنياغا بىر كېلىسەن،
كەلگىنىڭدىن سۆيۈنۈپ خۇش كۈلىسەن.
مەيلى شاھ بول ۋە ياكى بولغىن گاداي،
كەتكىنىڭدە بىر ئاتاق ئەپكېتىسەن.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئايلىنىپ كەتسە ھەممە ئۇيۇلتاشقا

باغاشلا مېنى قوزام، چىڭ باغاشلا،
مەيلى مەن تىن ئالالماي قالاي بىردەم.
بىر تەن بىز، بىر گەۋدە بىز، يوق ئاراچىلار،
مېھرلەر تامسۇن دىلغا بولۇپ شەبنەم.

ئەركىلە باغرىمنى مەن ئاچاي كەڭرى،
تېڭىرقاش، يېتىرقاشنى چۆرۈپ تاشلا.
شۇبھىسىز بەردى سېنى ماڭا تەڭرى،
يىغا ئۇ باشقا بىر گەپ، كۈلكە باشقا.

سۆيگۈ ھەم مۇھەببەتنىڭ چېگراسى يوق،
باقمايدۇ ئەزەلدىنلا قېرى - ياشقا.
كىملەرگە تەگسۇن مەيلى بولۇپ ئۇ ئوق،
نى سەۋدا، جۇدالىقلار چۈشەر باشقا.

يۇلتۇزلار دۇنياسىدا ئۈزىدۇ ئاي،
موھتاجمىز ئەزەلدىنلا دوست - قاياشقا.
قالاتتى ئۆي - ئۆيلەرگە بەخت پاتماي،
ئايلىنىپ كەتسە ھەممە ئۇيۇلتاشقا.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# چەككەندە ئىشكىنى قىرىق ياشنىڭ

چەككەندە ئىشكىنى قىرىق ياشنىڭ،
ئاقىرىپ بولدى تامام تېگى چاچنىڭ.
يىللارنىڭ ئەگرى ـ توقاي داۋىنىدا،
نەرقىنى سوراپ بولماس ئاققان ياشنىڭ.

ئۆزدۇق بىز تالاي گۈلنى، ئۆزۈلدۇق ھەم،
لېيىپمۇ ئاقتۇق تالاي، سۈزۈلدۇق ھەم.
ئېرىنچەك تۇيغۇلارنىڭ دوقمۇشىدا،
پۇرسەتلەر كۈتتى بىزنى، كۈتۈلدۇق ھەم.

گاھى گۈل، گاھى يەنە بولدۇق تىكەن،
سەبىي بالىلىق ئۇ شۇنچە لىۋەن.
قوغلاپمۇ يېتەلمىدۇق چېپىشىغا،
ئاجايىپ ئۇچقۇر ئىكەن ۋاقىت دېگەن.

چوققىغا ھەۋەس بىلەن تىكىلدۇق بىز،
سىناقنىڭ يېپىلىرىغا چىگىلدۇق بىز.
كەچمىشنىڭ يۈكلىرىنى كۆتۈرەلمەي،
تارتىلغان ساداق كەبى ئېگىلدۇق بىز.

ئۆمۈرنىڭ ھارۋىلىرى غىچىرلايدۇ،
مىنۇتلار بىر - بىرىگە پىچىرلايدۇ.
قۇتلۇقلاپ ھەربىر يىلنى كۆتۈردۇق جام،
يىللارنىڭ چېھرى ئەمما ئېچىلمايدۇ.

تاغلارغا تاغدەك كۈلۈپ باقالمدۇق،
دەريادا سۆيگۈ بولۇپ ئاقالمدۇق.
بىر چېقىن، بىر زەررە نۇر ھۆرمىتىگە،
غەپلەتنىڭ قەپىسىنى چاقالمدۇق.

مەنزىللەر ئەمەس ئايدىڭ يېتىپ كەتتى،
بەيگىدە كۆپلەر بىزدىن ئۆتۈپ كەتتى.
يۈزلەرگە قونۇۋالغان چاڭ - توزانلار،
لەنەت دەپ بىزنى تالاي سۆكۈپ كەتتى.





ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# چۈشەنگەندە ھاياتنى

قانتىنىڭ بولسىلا سەن ئۇچالمايسەن،
بىپايان كۆك قەرىنى قۇچالمايسەن.
كېلىدۇ بەيگىلەردە ئۇتقۇڭ سىنىڭ،
گاھىدا ئۇتساڭ، گاھى ئۇتالمايسەن.
چاڭقاقلىق ئۆتكىنىدە جان - جىنىڭدىن،
دەريانى يۇتقۇڭ كېلەر يۇتالمايسەن.
بىر كۆرەڭ تۇيغۇلارنىڭ شاخلىرىنى،
پۇتنىڭ كېلەر ئەمما پۇتالمايسەن.
بىرسەن ئۆز چۈشۈڭگە ئۆزۈڭ تەبىر،
كىملەر دوست، كىملەر دۈشمەن ئۇقالمايسەن.
ئالدىڭدىن ئۆتكىنىدە سۆيگەن قىزىڭ،
بىر قوشاق ئېيتقۇڭ كېلەر توقالمايسەن.
مۇجۇيدۇ يۈرىكىڭنى يالغۇزسىراش،
ئۆرۈلۈپ ئۇيان - بۇيان ياتالمايسەن.
كۆرۈنەر دېرىزەڭدىن يار بولۇپ ئاي،
باغرىڭغا ئۇنى مەھكەم باسالمايسەن.
چېكىدۇ ئىشىكىڭنى بەخت بىر كۈن،
گۇمان ھەم تېڭىرقاشتا ئاچالمايسەن.
چۈشەندىم ھاياتنى مەن دېگىنىڭدە،
ئەجەلنىڭ ئالقىنىدىن قاچالمايسەن.

# مىشچانلىقنى يىگەر يىگىتلىك

سەن كەچكەن كىچىكلەردىن ئاتلىدىم مەن،
سەن پاتقان ئاراچلارغا پاتمىدىم مەن.
كۆرۈنۈپ تۇرغان شۇ ئۆي سىنىڭ ئۆيۈڭ،
بىر سىنى ئويلاپ يەنە ياتمىدىم مەن.
چىقمىدىڭ كۈتتۈم سىنى شۇنچە ئۇزاق،
تالاي تاڭ ئاتتى لىكىن ئاتمىدىم مەن.
كىملەرگە مىھىر بىرىپ ئاچتىڭ قۇچاق،
تەشۇىشتە ئۆز ـ ئۆزۈمنى ئاقلىدىم مەن.
پات ـ پاتلا بۇزۇلدۇ چۈشۈم گاھى،
تارغاق بوپ يۈرەكنى كۆپ تاتلىدىم مەن.
سۆيمىسەڭ قويما مىنى مۇنداق ئىسىپ،
بۇ نۆۋەت راستلا سەندىن باتنىدىم مەن.
باتناشقا باقماس ئىكەن سۆيگۈ دىگەن،
ياشىدىم ھالال، ۋىجدان ساتمىدىم مەن.
پاتسىمۇ پۇتلىرىمغا تاش ھەم تىكەن،
لىيىتىپ سۇنى چالما ئاتمىدىم مەن.
كۆرۈنۈپ تۇرغان شۇ ئۆي سىنىڭ ئۆيۈڭ،
ئىتىمنىڭ تىزگىننى تارتمىدىم مەن.
يىگىتلىك مىشچانلىقنى يىگەر ھەردەم،
ئۈمىدنى نەچچە ھەسسە قاتلىدىم مەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئۆزۈمنى كۆندە بىر رەت ۋاراقلايمەن

ئۆزۈمنى كۆندە بىر رەت ۋاراقلايمەن،
كۆرۈنگەن نۇقسانلارنى سوراقلايمەن.
بىر زەررە نۇر مېھرىنى قايتۇرۇشچۆن،
ئەتىدىن كۆن پاتقۇچە پالاقلايمەن.

چارچىتار بۇ ھاياتنىڭ ھەر قەدىمى،
بەھرىدىن كۆپتۇر ئۇنىڭ دەرد ـ ئەلەمى.
قىستىسا گاھى سېنى قىستاڭلاردا،
ئۇسسۇلغا سالار گاھى كۆي ـ سەنىمى.

چېچەكلەر توزار بەزەن گۈل بولغۇچە،
غۇرۇرۇڭ يانجىلار كۆپ سەن تولغۇچە.
تاسقىلىپ غەلۋىرىدە ھوشۇڭ كېتەر،
بەختلەر ساڭا قاراپ قول سوزغۇچە.

ۋە بەزەن بوپ قالسەن شور پېشانە،
يىغلىغۇڭ كېلەر ئۈنلۈك تاق ـ يېگانە.
كەچكىنمۇ كېلەر ھەتتا ئەزىز جاندىن،
قانغۇدەك چاي ئىچەلمەي بىر پىيالە.

قايدۇرار يوللار سېنى تېگىرقايسەن،
تويۇنساڭ بوگۈن، ئەتە ئېچىرقايسەن.

ۋەدىنىڭ نەق - نىسىسى ئايرىلغۇچە،
ھەتتاكى ئۆيۈڭدىنمۇ يىتىرقايسەن.

گاھدا شۇنداق تاتلىق چۈش كۆرىسەن،
خالىساڭ سۆيىسەن ھەم سۆيۈلىسەن.
ئوڭغىلا تارتىپ تۇرار قىلغان ئىشىڭ،
ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ شاھتەك تۇيۇلىسەن.

ئۆزۈمنى كۈندە بىر رەت ۋاراقلايمەن،
شەيتانغا ئارام بەرمەي تاياقلايمەن.
سۇندۇرار ئادەملىكنى قەرزدارلىق،
بىر بۇردا نان ھەققىچۈن پالاقلايمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى



# ئىزىڭ نەدىدۇ

ھەر سەھەردە ناخشاڭ بىلەن مېنى ئويغىتىپ،
يېنىك - يېنىك دەسسەپ كەلگەن ئىزىڭ نەدىدۇ؟
يۈرىكىڭنى قىيامغا تولغان ئاناردەك،
ئىككى قوللاپ سۇنۇپ كەلگەن ئىزىڭ نەدىدۇ؟

دوقمۇشلاردا ساقلاپ تۇردۇم سېنى كۈن - كۈنلەپ،
كۆڭلۈم مېنى بەزلەپ تۇرار بىردەم كۈتكىن دەپ.
سەۋر قىلىپ يىغانىمنى بېسىپ، ئېسەدەپ،
كۈتۈشۈمگە ئۇدۇل كەلگەن ئىزىڭ نەدىدۇ؟

ئايىغىڭنىڭ توپىسىنى سۆيگۈدەك بولدۇم،
كۆزلىرىڭنىڭ قارىقىغا چۆككۈدەك بولدۇم.
قوزا بولۇپ ئېتىكىڭگە مۆككۈدەك بولدۇم،
مەن تۇتىيا بىلىپ كەلگەن ئىزىڭ نەدىدۇ؟

سەن چوڭ يولنىڭ ئوڭ يېنىدا ماڭغان بىر كۈنى،
مەن سول ياندا مېڭىپ خېلى ئۇزاتقان سېنى.
ئۇنتالماسسەن بەلكىم سەنمۇ مەندەك شۇ كۈننى،
شۇ چاغ ئامەت بولۇپ كەلگەن ئىزىڭ نەدىدۇ؟

ئاڭلىيالماي قالسام ئەگەر بىر كۈن ئۈنۈڭنى،
توسقاندەكلا بولار يىلان ئۆتەر يولۇمنى.

ۋەھشىي قاۋان چەيلىگەندەك يۇمران گۈلۈمنى،
مۇڭلىنارمەن، جېنىم كەلگەن ئىزىڭ نەدىدۇ؟

سېغىنىشىم ئېشىپ بارسا بەزى چاغلىرى،
ئەسكە كېلەر ناخشىمىزنىڭ شوخ ئاھاڭلىرى.
بىزمۇ بىللە ئاتقۇزغان كۆپ سۆيگۈ تاڭلىرى،
ئازابلىنىپ دەرمەن كەلگەن ئىزىڭ نەدىدۇ؟

ساڭا بولغان مېھرىم ئېشىپ باردى كۈنسېرى،
جامالىڭغا تويماي ئاقتى كۆزۈمنىڭ نۇرى.
چۈنكى ئۆزۈڭ تەڭدىشى يوق جېنىم گۆھرى،
گۆھەر بولۇپ چاقناپ كەلگەن ئىزىڭ نەدىدۇ؟

رەھىمسىزلىك قىلماي كېلىپ مەن بىلەن ئولتۇر،
بىلسەڭ مەندەك ساڭا ئاشىق، جان پىدا يوقتۇر.
خالىساڭ گەر مېنى سۆيگۈ دارىڭدا ئۆلتۈر،
پەرىزاتىم بولۇپ كەلگەن ئىزىڭ نەدىدۇ؟



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# خورازسىز شەھەر

پەسىلسىز شامال چىقار مەن تۇرغان يەردە...
ياشايمەن قوينىدا بىر تال تاش سىياق
بىلمەسمەن كۈن نېمە،
سۇ ھەم يەر - تۇپراق،
ھەممە مەۋجۇدات ماڭا يات - يىراق...
تاڭ ئاتار ھەر كۈنى بىر قىلىپتىلا
ياكى شەپە يوق سائەتتىن بۆلەك
چىرىلداپ قويمايدۇ چېكەتكىلەرمۇ
چىلىقماس سازلىقتا پاقا، كۈمۈتا
قىچقارماس خورازلار بۇندا بەس - بەستە...

ھەممە ئۆز ھەلەكچىلىكدە چېپىپ يۈردۇ،
يەر تىڭشاپ ياتقىنىمدا سىزىمەن ئۇنى.
بۇنداق بايرام ياسايدۇ رېستوران، قاۋاق
غەپلەت ئۇيقۇسىدا يۈرگەن كىشىلەر
ئېلىشقا ئۇرۇنماس دەردلەردىن ساۋاق...
ئۆتىدۇ ئالتۇن ۋاقىت سۇدەك، ئۇنۇمسىز
تۈن قانات سىلكىيدۇ تەرەپ - تەرەپتىن.
خورەكلەر شۇنچىلىك راۋان - توسقۇنسىز
كۈندۈز يا كېچىنى ھېچكىم بىلمەستىن.

گۈللەر ئېچىلدۇ، توزۇيدۇ يەنە،
كاللىلار قۇپقۇرۇق،
قۇرۇق ئىدىيە.
يەپ ـ ئىچىش، بىخۇدلۇق يۈكىنى ئارتىپ —
يۈرىدۇ ئادەم ئاتالغان قاغجىراق كېمە...

شۇندىمۇ ھەر سەھەر خوتۇن، بالامنى
ئويغىتىپ يۈرىيمەن تولا كوتۇلداپ.
چۈنكى ئۇلار بۇزالماس ھېچ غەپلەت ئۇيقۇسىن
بۇ شەھەردە
يا خوراز ئويغاتماس ئۇلارنى چىللاپ...

ئۈمىدىم،
تىرىلسە ئەنئەنە، ئۇنتۇلغان خوراز
ياشاشقا ئاندىن ماس كېلەتتى بۇ يەر.
ھەممە ئويغىنىشقا ئىنتىلسە ئوخشاش
رېئاللىققا ئايلىنار ئىدى ئوي ـ پەرەز؟ !...



## سېنى چىللايمەن

كۆڭلۈمنى مىسكىن تۇيغۇلار چىرماپ،
روھىمنى ھەر خىل توساقلار قارماپ،
تۇرغاندا قەلبىم چېكىپ ئىنژىتىراپ،
باغرىمغا جېنىم سېنى چىللايمەن.

سېغىنىش يېشى چاناقتا قاتسا،
رەھىمسىز تاڭلار ئۇزاقتا ئاتسا،
ھىجرانىنىڭ تىغى يۈرەككە پاتسا،
باغرىمغا جېنىم سېنى چىللايمەن.

ئالدىمدا پورەك ئاچساڭ گۈل بولۇپ،
يولۇمغا يورۇق چاچساڭ كۈن بولۇپ،
دىلىمغا مېھىر قاتساڭ ئۈن بولۇپ،
باغرىمغا جېنىم سېنى چىللايمەن.

كاككۇكتەك كۈلگەن بەختىم سەن ئۆزۈڭ،
ئالتۇندىن پۈتكەن تەختىم سەن ئۆزۈڭ،
تۇمارىمدىكى ئەھدىم سەن ئۆزۈڭ،
باغرىمغا جېنىم سېنى چىللايمەن.

كۆزلىرىم روشەن سېنىڭ بىلەن يار،
سېنى ئويلىسام ھەر كۈنۈم باھار،



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ئىنتىلسەم ساڭا بولارمەن تۇلپار،
باغرىمغا جېنىم سېنى چىللايمەن.

ساڭا بېغىشلاپ مىڭلاپ قەسىدە،
يازغۇم كېلىدۇ سۆيگۈڭ نەھرىدە،
پەقەت سېنىڭلا ئىدىم ئەسلىدە،
باغرىمغا جېنىم سېنى چىللايمەن.

سېنى چىللايمەن ھەسرەتلىك بۇ كۈن،
مۇڭلۇق قەلبىمدىن ئۆرلەيدۇ تۈتۈن،
روھىڭ روھىمنى ئەيلىدى پۈتۈن،
كەلگىن باغرىمغا سېنى چىللايمەن.





ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# گۈلۈم ئۈچۈن ياشايمەن

باشقا ئامەت كەلسمۇ، قۇت ـ سائادەت كەلسمۇ،
جانغا راھەت كەلسمۇ گۈلۈم ئۈچۈن ياشايمەن.
زۇلۇم، ئاپەت كەلسمۇ، شۇم جاھالەت كەلسمۇ،
يا قىيامەت كەلسمۇ گۈلۈم ئۈچۈن ياشايمەن.

باغدا گۈللەر ئېچىلىپ، يولۇمغا نۇر چېچىلىپ،
دىلنى شادلىق كەزسمۇ گۈلۈم ئۈچۈن ياشايمەن.
دالنى قار باسسمۇ، يۈكلەر تاغدىن ئاشسمۇ،
ئازاب قانچە ئەزسمۇ گۈلۈم ئۈچۈن ياشايمەن.

ئاھىم كۆككە يەتسمۇ، كۆيدۈرۈپ كۆل ئەتسمۇ،
تەندىن ماغدۇر كەتسمۇ گۈلۈم ئۈچۈن ياشايمەن.
كۆز يېشىم ئوكيان بولۇپ، ئالەمنى سۇ لەيلەتسمۇ،
ئۇندا زاغ سەيلەتسمۇ گۈلۈم ئۈچۈن ياشايمەن.

چاچلاردا ئاق، چىش سۇنۇق، ئۈنۈم خىرە ھەم بوغۇق،
مۇدھىش ئەجەل كەلسمۇ گۈلۈم ئۈچۈن ياشايمەن.
بەلدە جان يوق، تەن سوغۇق، كۆزلىرىمنىڭ نۇرى يوق،
يىلىك قۇرۇپ كەتسمۇ گۈلۈم ئۈچۈن ياشايمەن.

قىيامەتلىك ئەھدىم شۇ، يار ئايىغى تەختىم شۇ،
مېنى جۈپتۈم دېسە ئۇ گۈلۈم ئۈچۈن ياشايمەن.
ھاياتىمنىڭ مەنىسى قىممەت تاپار شۇندىلا،
مەيلى كەلسە مىڭ بالا گۈلۈم ئۈچۈن ياشايمەن.

# نېمشقىدۇر...

نېمشقىدۇر جاھاندىكى بارچە رەناغا،
كۆزى دېڭىز، چېچى دولقۇنلۇق،
سەدەپ چىشلىق، كۈمۈش بەدەنلىك
گۈزەللەرگە ئوخشاتقۇم كەلمەس
قەلبىمدىكى سىز پەرىشتەمنى...

نېمشقىدۇر لۇغەتتىكى شېرىن گەپلەرگە،
ھەر خىل ئىرق، ھەر خىل مىللەتنىڭ
شېئىرىدىكى يارغا بېغىشلاپ —
ئىشلىتىلگەن ئېسىل سۆزلەرگە
ھېچ ئوخشاتقۇم كەلمەس سىز ئېيتقان
ئىزگۈ كۈيدەك ھەربىر جۈملىنى.
چۈنكى سەھەر شەبنىمى ئۆززە
كۈلگەن نۇرغا ئوخشايسىز گۈلۈم !...

نېمشقىدۇر سىزگە تىكىلىپ:
تارىخىمغا سىغماس ئۆتمۈشىسىز
ۋە كەلگۈسۈم ئۈپۈقىدىكى
تەڭدىشى يوق نامسىز يۇلتۇزسىز !
دېگۈم كېلىدۇ...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



# خوتۇنۇم مۇنداق دەيدۇ

خوتۇنۇم مۇنداق دەيدۇ ماڭا:
بولسا بادامدوپپا كىيىۋال،
قەلبىڭگىمۇ بۈگۈنكى كۈندە،
يارىشىملىق ساقال قويۇۋال،
تونۇۋالاي ئىزىڭنى تۈندە.

خوتۇنۇم مۇنداق دەيدۇ ماڭا:
خۇشاللىق دەپ كۈلۈۋەرمىگىن،
قەھرىڭنىمۇ كۆرسەتكىن ھەتتا.
بىلىگىنى بەك پۈكۈۋەتمىگىن،
باللارغا بولسەن شوتا.


خوتۇنۇم مۇنداق دەيدۇ ماڭا:
سۆيۈندۈرگىن مېنى ئەڭ ئاۋۋال،
يۈرەك پىژ - پىژ كۆيسۇن - ئۆچمىسۇن.
بالا ئۈچۈن بولغىن سەن قۇياش،
نۇرلار دىلدا قالسۇن ئۆچمىسۇن.

خوتۇنۇم مۇنداق دەيدۇ ماڭا:
باق ھاياتقا ئۇيغۇر كۆزىدە،

نامرات بولۇپ چەكسەڭمۇ ئازاب.
ئۆزۈڭ تاپقىن ئىسسىقەڭنىمۇ،
شۇ چاغ ئەلگە قالسەن ياراپ.

خوتۇنۇم مۇنداق دەيدۇ ماڭا:
تۆلكە ۋە شىر توسسىمۇ يولنى،
تېتىپ ياشا سەنمۇ تۈز بولۇپ.
ئورۇندۇقتىن ئايرىلساڭ ئايرىل،
سۆيۈنسۈن ئەل ساڭا قول قويۇپ.

خوتۇنۇم مۇنداق دەيدۇ ماڭا:
ئۆكۈنمىگىن ئىچمەي مەست بولۇپ،
ئۇچراپ قالسا زەررىچە توساق.
ئەقىل كېرەك ئىزدىسەڭ ئۇتۇق،
ئەركەك دېگەن سىنىلار شۇنداق !



ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرىسى

# سەن سۆيۈملۈك، ئەمما ھىيلىگەر

كۆڭۈلنى گۆھەر دەپ ئۆگەنگەن خۇيۇم،
بەك ياققان ئەسلىدە ساڭىلا پەقەت.
ئۇزاق يىل ئايرىلغان دوستىنى تاپقاندەك،
خۇشاللىق چىھرىڭنى قاپلىدى قەۋەت.

بىر يېپقا باغلانغان چېكىتلەردۇرمىز،
قوشۇلۇش بىر ئامەت ئايرىلىش ئازاب.
سەن شۇنداق شىرىن سۆز قىلغاندا مەنمۇ،
ياش تۆكتۈم كۆڭلۈم ھەم كەتتى بەك ياىراپ.

سۆيگۈ ئوق ئاتقاندا كۆز بولدى ئەما،
كۆرمىدىم نىمە ھەق، نىمىلەر ناھەق.
نىسگە ئايلاندى تەقدىر ــ پىشانەم،
بىر مىلىم ئىككىگە كۆپەيمىدى نەق.

كۆڭۈلچەك بولغىنىم قىلدى مىنى خار،
سۆيگۈدە يىقىلدىم ھالىمۇ خەتەر.
مەن سەندىن ۋاز كېچىپ كۆلمىدىم، تەنھا،
چۈنكى، سەن سۆيۈملۈك ئەمما ھىيلىگەر.

# شېئىر ئىزدەش ئېلانى

دەريالار توسماڭلار ئالدىمنى مېنىڭ،
ئەي تاغلار ئۇخلىماي بوشاتقىن يولنى !
كىم شائىر، شائىرغا بار قانداق تەسۋىر،
مەن شېئىر ئىزدەيمەن ئۇزىتىپ قولنى.

ئورمانلار مۈگدەيدۇ نېچۈن گۇگۇمدا،
ئۆكسۈيدۇ پىكىرسىز ئۇيغۇر نەزمىسى.
پادىچى بالىنىڭ كۆزىدە سەھەر،
خورازنىڭ ئۈنىدە ئۇنىڭ بەزمىسى.

مەھەللەم ھەزىلكەش، غەيۋەت دۇكىنى،
بىلمەيمەن شېئىرنى بوۋاي بولغۇچە.
يىغلايدۇ بالىلار شېئىر ئۈچۈنلا،
ئىشچانمەن پەقەتلا قورساق تويغۇچە؟ ! ...



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# كۆرمىسە ئەر دېگەن ئەردەك ئۆزىنى

نېمىلەر قالدىكىن ئېسىمدە دېسەم،
ئېسىمدىن باشقىسى قاپتۇ ياتسىراپ.
نېمىشقا مۇڭلىنىپ تۆكمەن كۆز ياش،
نېمىشقا روھىمۇ كەتتى قاغجىراپ.

غۇرۇرغا قىلسا كىم چاقچاقنى ھەدەپ،
ئاڭا مەن ھېجىيىپ يۈرگىنىم تۇۋا.
سۇنسا ياۋ دوست تارتىپ قەدەھنى ماڭا ،
ئىچتىما، ئەقلىمنى كېسىپتۇ ئۇغا.


كۆز تىكىپ باقالماي يارىمغا تېخى،
مەردانە بولالماي قاپتىمەن پەستە.
غەپلەتنىڭ تۈننگە ئوتلارنى يېقىپ،
ماڭغاننىڭ يولى گۈل، گوياكى كەشتە.

غۇرۇرۇم ئۇرغۇدى قېنىمدا شۇ تاپ،
كۆزلىرىم نۇر ئىچرە كۆردى ھەممىنى.
پەقەتلا ئادەمگە دۈشمەن شۇ دەيمەن،
كۆرمىسە ئەر دېگەن ئەردەك ئۆزىنى.

# قىشتىكى باھار يېزىلغان كىتاب...

قىش بىلەن قۇچاقلاشتىم ئۈرۈمچىدە،
مائارىپ سارىيى،
ھالسىرىماقتا،
كېلەچەك بىلەن بۈگۈننى يۇدۇپ.
سوئاللار قاپلىۋالدى قەلبىم ئاسمىنىنى،
قار لەپىلدىمەكتە چاچما شېئىردەك،
تارغىنە ياتاق، ماقالە قەغىزى.
كىتابسىز دۇنيا بەئەينى بىر شىردەك،
ھۆركىرىمەكتە ماڭا،
پېتىقلاپ ئەقلىمنى.
يانفون
شوپۇرلۇق كىنىشكىسى،
كىتاب چىقىرىش... مېنى،
بىر - بىرلەپ باستى تاغ بولۇپ...
ۋاقىت قېرىتتى مېنى،
مۇكچىيىپ باقتىم سوغۇق دۇنياغا.
پادىشاھنىڭ يېڭى كىيىمىنى توقۇۋاتقاندەك،
توقۇماقتىمىز بىر يېڭى ئازاب.
ئەمما، بىز يالغان ئەمەس، راستتىن
جۇشقۇن بىر روھنى نامايان قىلىپ،
تۈزدۇق دەرسلىك،

تەمى بار كىتاب،
بولساقمۇ ھاسىراشتىن بەزىدە بىتاب.
بىز، مانا مەڭگۈ جەھەتتىن،
بولۇپ قالدۇق كېچەيگەن دۇنيا.
شۇندىن بېرى،
ناتونۇشلارغىمۇ قالدۇق ياراپ.





ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئشەنسەڭ بۇ دۇنيا نۇر بلەن هايات

كەلگنە گۇل بولساڭ، مەن ساڭا بۇلبۇل،
مۇڭدشپ ئالايلى خالساڭ بر رەت.
مەيلى سەن كۆڭلۈمنى قىلالمساڭ خۇش،
رازىمەن، راست گېپىڭ بولسلا پەقەت.

نېمشقا سەن بلەن كۆرۈشكەندىلا،
كۆرۈنەر بۇ دۇنيا ناتونۇش بولۇپ.
ئىلگىرى بۇلاقتەك بۇلدۇقلاپ ئاققان،
مېهرىنڭ هەممسى قالدىمۇ قورۇپ؟

تۇرمۇشتىن رەنجمە، رەنجسەڭ ئەگەر،
ئۆزۈڭنى تونۇپ باق، بر باشتىن - ئاياغ.
ئايرىماق بەكمۇ تەس خاتا - توغرىنى،
كەچۈرگىن ئۆزگىنى يۈرسەڭمۇ ياياق.

قاناتسىز قۇش كەبى ئۈمدسز كۆزدە،
ياشساڭ بۇ ياشاش پۈتۈنلەي مامات.
بۇ دۇنيا غەم بلەن بويالغان ئەمەس،
ئشەنسەڭ بۇ دۇنيا نۇر بلەن هايات !

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگى ئادرېسى

# يۇرت كۆرگەندە...

يۇرت كۆرمىز نەچچە يىلدا بىر قېتىم،
يېشىلمەيدۇ بىراق دىلدا تۈگۈنچەك.
ھەربىر يۇرتنىڭ بار ئادىتى ئۆزگىچە،
بۇنى دېسەم قاپاق تۈرمەك كېلىنچەك.
سوراپ قالدىڭ سويدى قويمۇ ياكى غاز،
دەيسەن بىزلەر گۆش تۇتقانتۇق لېگەنلەپ.
ھالى يوغان سەھرالىقنىڭ بېغىمۇ،
قۇرۇپ قاپتۇ بىز كەلگەننى بىلگەندەك.
غۇم ساقلىماڭ، يۇرت قوينىغا كىرىپلا،
بىر گېپىمنى ئېيتىۋالاي، كېلىنچەك.
قاراڭ ئاۋۇ ياماق چاپان بوۋايغا،
غېمى يوقتەك چىرايى بىر گۈل ـ چېچەك.
ئويلاپ باقسام يوق ئۆگىيى ھەر جاينىڭ،
پاسىل بولسا كۆكلۈل داغدا قالىدۇ.
يۇرت كۆرگەندە بالا بولۇپ، كۈلۈپ كەل،
يۇرت قوينىغا سېنى ھەردەم ئالىدۇ.

# دىئالوگ

چايان دەيدۇ:
ھېچكىم ھېچكىمنى چاقمايدۇ.
قويمىچى دەيدۇ:
ھېچكىم ھېچكىمنى قويمايدۇ.
شائىر دەيدۇ:
شېئىر بازاردا ئاقمايدۇ.
مەن دەيمەن:
تەقدىر ئادەمگە باقمايدۇ،
بىراق،
ھەركىم ئۆز ماھىيىتىنى،
گۈزەل شەكىلدە ساقلايدۇ!



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ئەيىب ئەمەس ياش تۆكسە بەزىدە ئەر

ئەر يىغلىسا نومۇس دەپ ئادەتلەنگەن،
يىگىتلىكنى ئۇلۇغلاپ ئۇيغۇر دىگەن.
قانچە مۈشكۈل باسسىمۇ يەلكىسىنى،
ۋايجان دىمەي يارىم دەپ كۈلەلىگەن.
قىسمەت ۋەجى قۇندۇز چاچ ئاقارسىمۇ،
ئۈمىدلەرنى ھەسرەتتە يەكلىمىگەن.
مەيلى قانچە ئازابلىق بولسا تەقدىر،
مەيدە كېرىپ ئەل قاتار يۈرەلىگەن.
ئەيىب ئەمەس ياش تۆكسە بەزىدە ئەر،
ئازار يېتىپ سۆيۈشتىن سۆيۈلۈش يوق.
شۇنداق ھايات ماتەمدۇر چۈنكى ئەرگە،
كۆنگەن ياشاپ ئەر دىگەن كۆڭلى بەك توق.
ئەيىب ئەمەس ياش تۆكسە بەزىدە ئەر،
پۇشايمانغا دۇچ كېلىپ پەقەت بىر رەت.
بۇ بىر يۈكسەك ئەقىدە ئۇرغۇپ تۇرغان،
تۇيۇلىدۇ قەترە كىر ئاغا لەنەت.
ئەيىب ئەمەس ياش تۆكسە بەزىدە ئەر،
قىلماي ئەمەل گېپىگە بۇندا شۇ تاپ.
ۋاقىت شۇنداق ئايرىيدۇ ئىشەنسەڭ گەر،
كىملەر ناباب ھەم كىملەر قالدى ياراپ.

# ھېچكىم بىلمەيدۇ قىز بالىنىڭ يۈرىكىنى

كېتىپ قالدىم تەقدىر دەپ يىراقلارغا توي تارتىپ،
قىز بالىنىڭ يۈرىكىنى ھېچكىم ئېنىق بىلمەيدۇ.
كۆنۈپ قالدىم دەيمەنۇ، نەدە ئاسان كۆنگەن بار.
ئايرىلىشنىڭ يىغانى مېنى ھەردەم قىينايدۇ.

تېلېفونلارمۇ بىردەملىك سېغىنىشقا خاتىمە،
تەستە كېلۈر ئۈچۈرى يىغلاپ يازغان خەتلەرنىڭ.
ياغدۇرىدۇ غېرىبلىق جىمجىت ئۆينىڭ تۆت تېمى،
سېغىنىشى يۈرىكىنى مەندەكمىدۇ خەقلەرنىڭ.

دېرىزىگە گۈل چەكتى يانۋار بۇندا بەك بەلەن،
قاراپ باقسام بەئەينى مەھەللەمنىڭ سۈرىتى.
«سالغا تېشى» دېمەكلىك شۇمكىنىتاڭ بىلمىدىم،
قىز بالىنىڭ نەدىدۇ كۆرەر بەخت - دۆلىتى.

ھېيت - بايرامدا سېغىنىش چىقار يەنە ئەۋجىگە،
ئۈچۈم بولغان، ئۇۋامغا ئۈچۈپ بارغۇم كېلىدۇ.
يېرىم قىلار كۆڭلۈمنى تۇندە كۆرگەن چۈشلىرىم،
بارالسام دەستە گۈل تۇتۇپ بارغۇم كېلىدۇ.

باسالمايدۇ قىزىق مەش سېغىنىشنى قىشتىكى،
بايراملاردا سەپەرگە يەڭگۈشلەيمەن ئەگلىمنى.

www.uyghurkitap.com

ئوخشاپ كېتەر باھار، ياز رۇخسارىغا ئانامنىڭ،
قوشنىلىرىم بەزلەيدۇ مېنىڭ غېرىب كۆڭلۈمنى.

يىراقلارغا كەتكەنلەر خۇددى مەندەك توي تارتىپ،
پىراقىدا يۇرتىنىڭ يۈرەمدىكىن بىلمىدىم.
كىرىپ قالسا چۈشىگە بالىلىقى، ياشلىقى،
مەندەك مۇڭلۇق خىياللار سۈرەمدىكىن بىلمىدىم.



# سۆيگۈسىز باغلارنى قۇچاقلاپتىمەن

سۈكۈتكە ھۆكۈمران شۇ سوغۇق ھۇجرا،
بېرەلمەس قەلبىمگە ئەسلا تەسەللى.
ئىخلاسىمەن دىلىممۇ، شۇنچىلىك سۇنۇق.
توزىدى بىمەزگىل ئارزۇيۇم گۈلى.

مۇھەببەت، نېمدەپ ئاتاي مەن سېنى،
قويغىنىڭ راست مېنى كۈندە ئازابقا.
كۆپ بولدى ئىشىنىپ يوقاتقانلىرىم،
ئۈمىدسىز باقىمەن شۇڭا ھاياتقا.

تەقدىرنىڭ چاقچىقى كۆپ ئىكەن ئەجەب،
ھالىمنى سورىما يەنە دەردتىمەن.
ئاھ نېتەي، قىزىلگۈل ئاشىقى تۇرۇپ،
سۆيگۈسىز باغلارنى قۇچاقلاپتىمەن.

كاچاتلا ئەقدەم، كاچاتلا مېنى،
ئۆزۈمگە كېلەيمەن ئاشۇ تەستەكتە.
شادلىقتىن گەرچە مەن يىراق تۇرساممۇ،
يەم بولغۇم يوق مېنىڭ يەنە ھەسرەتكە.

كۆز يېشىم ھەممىنى تەقدىرگە دۆڭگەي،
يېنىكلەپ قالارمەن شۇنىڭدا بەلكىم.
ئۇنتۇلدۇر ھەي، كۈنلەر ئازابلىرىمنى،
باھارنى چۈشەيمەن ئايازدا غەمكىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

# ياشلىق ھەققىدە

باشلانمىقى قىيىن ھەر ئىشنىڭ،
قەدەملىرىڭ ئاچار يېڭى يول.
پۇشايمانغا قالدۇرماس ھەرگىز،
مەزمۇت قويغان ياشلىقتىكى ئۇل.

ئىرادەڭنى سىنايدۇ مۈشكۈل،
ھەر قەدەمدە ئالدىڭنى توسۇپ.
ئىچەلمەيسەن بىرەر ئوچۇم سۇ،
كۆل تۈۋىدە تۇرساڭمۇ ئۇسساپ.

ئاساۋ ئاتتەك شاشتۇر بۇ ياشلىق،
چېپىپ كېتەر قويساڭ مەيلىگە.
داغدا قويار ئاخىرى بىر كۈن،
باشلاپ قويۇپ سېنى سەيلىگە.

ئارزۇ كۆپتۇر ياشلىق دېگەندە،
چېچەك ئاچار تىرىشقانلىرى.
ئۇنتۇلدۇ مەنسىز چۈشتەك،
بەڭۋاشلىقتىن بولمىساڭ نېرى.

# سالام ساڭا پېشقەدەملەر

دىلىم يايراپ ئۆز - ئۆزۈمنى تۇتالمايمەن،
يېڭى يىلدا يېڭى سالام قەدىردانلار.
جۇڭغاردىكى بارخانلارنى گۈلزار قىلىپ،
قىرانلىقنى تەقدىم ئەتكەن ياشانغانلار.

نەزەر سالسام قاراماينىڭ گۈل ھۆسنىگە،
نۇر چاقنايدۇ پېشقەدەملەر ئىزلىرىدىن.
ئۈمىد بىلەن روناق تاپقان جەزىرىلەر،
كۈلدى مانا ئىشچان ئوغۇل - قىزلىرىدىن.

ئۆتتى تالاي ئاپتاپ، سوغۇق، جۇت - بورانلار،
پېشقەدەملەر جەڭ ئالدىدا ئۆكۈنمىدى.
قىزىلتاغدا گەمىلەردە ياتقان بىلەن،
كەلگۈسىنى نىشان قىلدى، چېكىنمىدى.

يەشتى ئاخىر تىلسىماتنىڭ سىرلىرىنى،
مىسلى پەرھات جۈرئىتىدە سەردار بولۇپ.
بىر چاغلاردا يىرتقۇچ ھۇۋلاپ پىترىغان جاي،
شەھەر بولدى باغرى ئۈنىڭ گۈلگە تولۇپ.

ئاپىرىدە بولدۇم ئوتلۇق بۇ زېمىندا،
باغاش ئەتتىم ماي بۇلاقلىق دىيارىمنى.

بوۋام ئوخشاش جان تەسەددۇق يۇرتۇم سا[illegible]
ئۆزگەرتەلمەس شۇم خياللار قارارىمنى.

ئىز ئىگىسىن ئىزدىمەكتە تۇيغۇن كۆڭلۈم،
گاهلىرىنى كۆردۈم، لېكىن گاهلىرى يوق.
مەرھۇم بوۋا، هايات بوۋا، ملىيون بوۋا،
راست سىلەرسىز بۈگۈنكىدەك «پاھ»لىرى يوق.

* *

سۆيگۈمىزنى گۈلدەستە قىپ تۇتاي ساڭا،
يېڭى يىلدا يېڭى سالام قەدىردانلار.
بىزگە جۈرئەت، بىزگە ئەقىل، بەخت بەرگەن،
رەھمەت ساڭا نېفتچى بوپ ياشانغانلار!



## سەن ئامىتىم، سەن مېنىڭ بەختىم

ئالەمشۇمۇل ئىبقىن ـ دەريا مۇجەسسەمدۇر،
«بالام» دېگەن شېرىن ـ شەربەت سۆزلىرىڭدە.
ياش ئەگىتمە جېنىم ئانا سۆيۈپ قوياي،
مېھرى چېچىپ كۈلۈپ تۇرغان كۆزلىرىڭگە.

سەنمۇ بىر چاغ نازاكەتلىك بىر قىز ئىدىڭ،
پاك تەر تۆكۈپ ئۆز ئىشىڭدا ھارمايدىغان.
مەيدەڭدە گۈل، نەمۇنىچى، تۆھپىكار بوپ،
مۇشكۈللەردە سەپتىن چۈشۈپ قالمايدىغان.

يېرىم ئەسىر مۇقەددەم بۇ نېفىتلىكتە،
«ئىشچى» بولۇپ زور قوشۇنغا قېتىلغانتىڭ.
جۇڭغار ياكى تارىمدىكى قايناق جەڭگە،
شەرەپ بىلەن پەرۋاندەك ئېتىلغانتىڭ.

تالاي تاغۇداۋانلاردىن ئاشتىڭ، لېكىن ـــ
بۈگۈن مانا كېسەل سېنى چىرماپ ئالدى.
ھېچ شىپالىق تاپالمىدىڭ، مەن نائىلاج،
يۈرىكىمدە جاراھەت ـ داغ، ھەسرەت قالدى.

«ئاھ» يېمىگىن ماغدۇرۇمدىن قالدىمغۇ، دەپ،
قامىتىم سەن، ئامىتىم سەن جېنىم ئانا.

www.uyghurkitap.com

گۈزەللىكنىڭ قەسرىدە چاقناپ تۇرغان،
ئەبەدىيلىك تاجۇتەختىم، بەختىم ئانا.

دىلغا ئارام شۇنچە ئىللىق تىنىقلىرىڭ،
ماڭا ئارتۇق مىسلى جەننەت ھاۋاسىدىن.
بىر كۈلكەڭنىڭ خاسىيىتى ھامان ئۈستۈن،
بۇ كۆڭلۈمگە تۈمەن لوقمان داۋاسىدىن.

قىزىم دېسەڭ، قىزىڭ بولاي ــ ئامەت ماڭا،
يۇيۇپ تاراپ قوياي يېپەك چاچلىرىڭنى.
گۈزەل كۆكلەم جۇلاسىغا پۈركەندۈرۈپ،
ياشارتاي مەن سېنىڭ كۆڭۈل باغلىرىڭنى.

بۇ ئالەمدە پەقەت سەنلا بىر پەرىشتەم،
كىر قوندۇرماي ئۇۋۇلاپ قوياي بويلىرىڭنى.
بەرگىن ئانا! مىڭ يېنىشلاپ سۆيۈپ قوياي،
ئەركىلىتىپ مېنى باققان قوللىرىڭنى...

# غەزەللەر

كەلسە باشڭغا ئەلەملەر يىغلىماي كۈلگەن يامان،
نۇر - ھارارەتسىز چىراغدەك كۈل بولۇپ كۆيگەن يامان.
لەۋزىدە تۇرماي يېپىشسا، قاچقۇلۇق ئۇندىن يىراق،
بولسىمۇ قىشى قىياقتەك، مۇز قاپاق تۈرگەن يامان.
نازلىنىپ ئالدىڭدا گويا يۆگىمەچتەك چىرمىشار،
ئۆرگىلىپ دەسسەر يۈزۈڭگە، سىنى يەر كۆرگەن يامان.
باردا ئىلكىڭدە پۇل - مال، ئەگىشەر سايەڭ بولۇپ،
بىر دەقىق تۇرماس يېنىڭدا مالنى دەپ سۆيگەن يامان.
بىرى دەر، سۆيدۈم سىنى، ئاھ، بىرى دەر، كۆيدۈم ساڭا،
بارى يالغان، بىرىلا راست — ھەممىدىن كۆنگەن يامان.



*          *

سۆيمە نامەردلەرنى ھەرگىز، ئۇ سىنى تاشلاپ قاچار،
تۇتمىغىن تۇزكورنى دوست، يارىڭنى ئۇ باشلاپ قاچار.
بىر سوئال قويساڭ دۇدۇقلاپ، تىلىنى چايناپ ئۇزاق،
بىرىگە بەرمەي جاۋاب نەق، باشنى قاشلاپ قاچار.
سۇ ئىچەر كۆڭۈل كۆڭۈلدىن، بىر تىيىن لاپ سۆز دېگەن،
سالمىساڭ ئەقلىڭگە شال - تۇغ، روھنى تەن ئاشلاپ قاچار.
بىر سۆيۈپ ھەسرەتتە قالغان ئېيتسۇر ئەقلىدە كەم،
بولمىسا چىن سۆيگۈ دىلدا، ھەر كۆڭۈل شاخلاپ قاچار.

*            *

دائىما ھەسرەت چېكىپ يۈرگەنلىرىڭدىن ئۆرگىلەي،
روھ ـ دىلىڭنى ئاچ قويۇپ كۈلگەنلىرىڭدىن ئۆرگىلەي.
گاھىدا قوش، گاھى سۆرەم سۆرىسەڭمۇ مۆرىمەي،
ھەممىگە باش لىڭشىتىپ كۆنگەنلىرىڭدىن ئۆرگىلەي.
قويسا قۇيرۇق ئورنىغا، كۆركەم ـ لىغىلداق ئۆپكىنى،
ئەتىدىن بولغان بىزار ـــ شۆلگەيلىرىڭدىن ئۆرگىلەي،
ئوڭ قولۇڭدىن سول قولۇڭغا يۇقمىسا تىرناقچە نەپ،
«مەن سېخىي» دەپ مىڭ خىيال سۈرگەنلىرىڭدىن ئۆرگىلەي.
تەگسە يات قول نانلىرىڭغا، چۆچۈمەستىن بەھۇزۇر،
ئۇخلىماي كۈندۈزدە «چۈش» كۆرگەنلىرىڭدىن ئۆرگىلەي.



*            *

بىر ساڭا كۆيدۈم دېگەنلەر راستىمدۇ، يالغانمىدۇ؟
ياكى بىر ئاشىق ۋاقتلىق ئەقلىدىن ئازغانمىدۇ؟
سۇ ئىچىپ تەشنالىقى قانغان قۇدۇقنى ياد ئېتىپ،
قاغجىراق ھەربىر كۆڭۈلگە بىر قۇدۇق قازغانمىدۇ؟
قونسا بۇلبۇل شاخ ئارا ھەم كۈي توقۇپ سايراي دېسە،
قوغلىغان شۇ كۈيچىنى ئاھ، گۈلمىدۇ، ئازغانمىدۇ؟
بەزىدە تاشنى تېشەر تىغ، بەزى ئۆتمەس لايغىمۇ،
نە ئۇنى تاۋلاپ چىقارغان روھمىدۇ، بازغانمىدۇ؟

ئۆتتى نى - نى ساختا «پەرھات» ھەمدە «شىرىن»لەر توپى،
ئۇشبۇ مەزمۇندا نەۋائىي «خەمسە»لەر يازغانمىدۇ؟

*　　　*

ئۆزىنىڭ نەپسىنى قامداپ سىنى تاشلاپ قاچارلار كۆپ،
قۇرۇپ شىرىن - سۇخەن سۆھبەت پۇلۇڭغا قاش ئاتارلار كۆپ.
ئۆزى ئۆز جۈپتىگە خائىن تۇرۇپ ھېچبىر قىزارماستىن،
ۋاپا ھەققىدە ئەزۋەيلەپ قەدەمدە گەپ ساتارلار كۆپ.
تىلى باشقا، دىلى باشقا كۆلەر ئالدىڭدا غىلجىڭلاپ،
قۇرۇپ يولۇڭغا مىڭ قاپقان سىنى قەستلەپ ياتارلار كۆپ.
باياشات، ئۆم - ئىناقلىقنىڭ مېۋىسى تەگسە ئاغزىڭغا،
ھەسەتتىن ئۆرتىنىپ قەلبى ئىششىڭغا قوم چاچارلار كۆپ.
مېلىڭغا يا پۇلۇڭغا دوست، سىنى دوست دەپ ئۇچۇرغانلار
تۈزۈڭنى يەپ ھېيقماستىن تاۋاقنى ھەم چاقارلار كۆپ.
ھايات قىسمەتلىرى سىرلىق، ئۆكۈنمە ھېچ بولساق قىلچە،
ئەمەس بۇ يولدا سەن تەنھا جېنىڭغا جان قاتارلار كۆپ.

*　　　*

كۆڭۈلنىڭ كەينىدىن قوغلاپ، غۇرۇر، بەختىڭنى خار ئەتمە،
سۆيەر سىنى ھالال جۈپتۈڭ، ھارامنى دىلخۇمار ئەتمە.
ئۆزۈڭنىڭ ئۆز بىغىڭ تۇرسا، تىكەن - چاتقالغا كۆز تاشلاپ
بۇزۇلسا رەڭگى - رۇخسارىڭ قاچار نامەردنى يار ئەتمە.

60

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

يولۇڭغا تەلمۈرۈپ دائىم تۇرار غەمكىن يۈرەك پارەك
بۇ ئالەمدە ئۇنى زىنھار مېھرگە ئىنتىزار ئەتمە.
چىقىۋەرمەس شامال ئوڭدىن، قۇرۇق قامغاق كەبى لەيلەپ،
بىھۇدە ئەرزىمەسلەرگە كۆڭلۈڭنى خارۇزار ئەتمە.
كېتەر تاشلاپ يېرىم يولدا تونۇشقان بىئىشەنچ ھەمراھ
سېنى قوغدار قەدىناسلىك تۇمار بوپ، تىلتۇمار ئەتمە.
يۈگەنسىز ئات كەبى چاپچىپ يامانلىقتىن نىشان ئالساڭ،
ئىزادىن ئۆلگىلى شۇ چاغ ئىشتانىبىغىڭنى دار ئەتمە.
بېشارەتلەرگە زەن سالغىن، كۆيۈنگەچ ھەم، بوساق دەرلەر —
كۇپايە بىر ئۆمۈر بىر گۈل، ئوشۇقچە لالىزار ئەتمە.

* *

سەن ئۆزۈڭنى ئۆز بىلىپ ماختانما كۆپىنكى ئالدىدا،
ماختىسۇن ئەل ئۆزلۈكۈڭنى ئارتۇقچە گەپىنكى ئالدىدا.
ئۆز چىرايىڭ بىر تىيىن، قەلبىڭدە ئۆزلۈك بولمىسا،
تىك تۇرۇپ باقتىڭمۇ بىر، بارماقچە نەپىنكى ئالدىدا؟
ئۇنتۇلۇپ كەتتى تالاي ھۆسنى ئۆز - نازۇك بەدەن.
يادلىنار خوپ «نۇزۇگۇم»لار ماڭغاچقا سەپىنكى ئالدىدا.
ئىشقىۋازلىق خورىغا كەتتىڭ نېمانچە ماسلىشىپ؟
ئۆلگىنىڭ شۇ ئابرۇيۇڭ تۆكۈلسە خەقنىڭ ئالدىدا.
بۇ ھاياتتا بىرلا نام، تاللاش ئۆزۈڭنىڭ خاھشى
باشنى ئەگمەي بەر جاۋاب ھەر چاغدا ھەقنىڭ ئالدىدا !

*　　　　　*

رەقىبتەك زىتلىشىپ يۈردۇق ماڭا تاتلىق گېپىڭ يوقمۇ؟
ئاغرىغان دىلنى ئەملەشكە بىرەر چارە - ئېپىڭ يوقمۇ؟
بىراقلا ئۆرۈدۈڭمۇ يۈز سېنىڭدىن ھېچ خەۋەرسىز مەن،
مېنىڭدىن ئاغرىنىپ يازغان بىرەر مەكتۇپ - خېتىڭ يوقمۇ؟
چۈشۈمدە نەچچە رەت جۆيلۈپ سۆيۈپ ئىسمىڭنى يادلايمەن.
مۇھەببەت توملىرى ئىچرە بىرەر غىل - پال بېتىڭ يوقمۇ؟
ئەۋەتسەم پاك يۈرىكىمنى تالاي رەت ئەلچى قىپ يوللاپ،
كېلىشكە چىقمىدى ۋاقتىڭ، مىنەرگە يار ئېتىڭ يوقمۇ؟
بېغىڭدىن ئۈزمىدىم بىر تال مېۋەڭنى تا بۈگۈنگىچە
شۈمۈپ يۈرسەممۇ مەيلىتى گۈلۈم قاتتىق قېقىڭ يوقمۇ؟
يۈرەكتە قالمىدى تاقەت، بېغىڭغا گەر بۆسۈپ كىرسەم
پۈتۈن ئۆمرۈم بەدىلىگە بىرەر ئالما «بېقىڭ» يوقمۇ؟



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

*ئادىل يۈسۈپ*

# نېفىتچى ناخشىسى

1

مەن — نېفىتچى
بارماقلىرىمدىن چىقار بۇلدۇقلاپ
قاپقارا نېفىت !
باق ئەنە،
قارا ئالتۇننىڭ فونتانلىشىغا...
باق ئەنە،
تۇرۇبىلار قان تومۇر گويا...
رىشتە بولۇپ ئاسفالت يوللار
سوزۇلۇپ ياتىدۇ يىراق - يىراققا.
ئۇنىڭ خاسىيىتىدىن
ئايلىنىدۇ ئۆكسۈمەي چاقلار.
پەرۋاز قىلار كۆكتە تۆمۈر قۇش
پىسەنت قىلماي نى ئېگىز تاغقا.
ھەتتا
خىلۋەت سەھرادىكى جاپاكەش ئانا
دۈشەنبە بازاردا تۆت تۇخۇم سېتىپ،
پۇلىغا بىر شىشە كىرسىن ياغ ئېلىپ
قويۇپ ئايۋاندىكى قارا چىراغقا،
ئېرىشىدۇ كەچتە يورۇققا...

2

مەن نېفتچى، نېفتلىك بىلەن
تەقدىرىم باغلانغان ئەلمىساقتىنلا.
ئىشەنمىسەڭ سۆزۈمگە ئەگەر،
چاچلىرىمغا، كۆزۈمگە قارا.
غەلىتە ئادەممەن، نېفت پۇرايمەن،
مۇھەببىتىم، چۈشۈم، خىيالىم
يالتىرايدۇ نېفت رەڭگىدە،
مانا شۇنداق مۆجىزە دېگەن.

ھەر سەھەر
سېلىم بوۋىنىڭ روھى چاقىرىپ،
يۇلغۇنلارنىڭ روھى چاقىرىپ،
بورانلارنىڭ روھى چاقىرىپ،
ئويغىتىدۇ ئۇيقۇدىن مېنى.
باياۋانغا، ئالدىنقى سەپكە،
كەلگۈسىگە، گۈزەل ئەتىگە
قاراپ چاپىمەن، ئەسلى مەن ھارماس
سانائەتنىڭ قارا تۇلپىرى!

3

نېفتلىك، نېفتچى ھەممىسى بىر گەپ،
ئارتۇقچە بۇ ھەقتە يۇرۇشمۇ تەگەپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

ئۇ سەبىيلەرنىڭ بەخت بۆشۈكى،
لەززەت قىيامىغا تولۇپ تەۋرەنگەن.
ئۇ غالىبلارنىڭ شەرەپ مۇنبىرى،
گۈللەرگە پۈركىنىپ ۋايىغا يەتكەن.
ئۇ شىرمەتلەرنىڭ ئىقبال مەنزىلى،
ئۇپۇق سىزىقىغا تۇتىشىپ كەتكەن.
ئۇ بۆشۈك، ئۇ مۇنبەر، ئۇ مەنزىل،
كۆڭۈل دولقۇنلار، چاقنار ھەم ئەقىل!

تىرىكلىكىمدە باقدۇ مېنى،
ئۆلسەم باغرىغا ئالدۇ مېنى
بۇ زېمىن
نەقەدەر مېھرىبان، نەقەدەر ئۇلۇغ،
قەلبىمدە مۇقەددەس لەپىلدىگەن تۇغ!...
بولدى بەس!
ئۇنى كۆيلەشكە ماغدۇرۇم يەتمەس،
بەلكى مىڭ رەت كۆيلەشتىن كۆرە
ئۇنىڭ قايغۇسى، خۇشاللىقىغا
ھەمدەم بولۇپ ئۆتەي بىر نەپەس!...

# ياز، سېغىنىش

ياتتىم، تېنىمدىن سىيرىلىپ چۈشتى
كۆندۈزنىڭ يۈكى.

چوقۇم شۇنداق سېلىنمىسا بولمايدىغاندەك
تۆت چاسا قىلىپ سېلىنغان ياتاق.

لىق چىڭدالغان قاراڭغۇلۇقنىڭ
ئاستىدىكى قايناق سۇ ئارا
يالغۇز، جىمجىت
يوق بىراۋ بىلەن سىرداشتىم ئۇزاق.
نېمە دېيىشكىنىمىز ئەبەدىيلىك سىر،
ئېچىلماس غۇنچە
چېچىپ تۇرار لېكىن خۇش پۇراق...

جاھان تامام كەتكەن ئۇيقۇغا،
پەقەت سەنلا چۈشۈمدە ئويغاق.

ئۇيغۇر كىتاب تورىيكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# گۈلزارلىقتا چۈشكەن سۈرىتىڭ

گۈلزارلىقتا چۈشكەن سۈرىتىڭ
دەسلەپتىلا قىلغان مېنى لال.
تۈندە ئازغان كارۋانغا بىردىن
كۆرسەتكەندەك تولۇن ئاي جامال.

قوي كۆزلىرىڭ شۇنچە مۇلايىم،
كىرپىكلىرىڭ بەرگى قىياقتەك.
يوقاتقانچە ئەقلۇھوشۇمنى،
تۇرۇپ قالدىم قاتقان تاياقتەك.

ئوماققىنا ئويماق ئېغىزىڭ
ئېچىلمىغان بىر كەۋسەر بۇلاق.
قارىغانچە تۇمشۇقۇمدا جان،
تېپىرلايمەن يۈرىكىم چاڭقاق.

ئەتلەس كۆڭلەك كىيگەن قامىتىڭ
تاۋلىناتتى گۈلخانغا ئوخشاپ.
خىجىللىقتىن بارچە گۈللەرنىڭ
كەتكەن ئىدى بېشى ساڭگىلاپ.

تەبەسسۇمۇڭ تاتلىق نەقەدەر،
سۇس، خىيالەن تۇيغۇ ئىلكىدە.

دىمىغىمدا ئىپارنىڭ ھىدى،
مىڭ يىلغا تەڭ شېرىن دەقىقە.

سەنچە بولماس ھەرقانچە بولسا
چۆچەكتىكى ئاھۇپەرىزات.
تۇيماس ئىدىڭ كېپىنەك بولۇپ
قاققىنىمنى بېشىڭدا قانات.

گۈلزارلىقتا چۈشكەن سۈرىتىڭ،
بولدى ھەمراھ ماڭا كۈنۈتۈن.
پىچىرلايمەن ئۈنسىز، ئۈمىدسىز،
يۈرىكىمنى قىلساڭچۇ پۈتۈن !



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرىسى



# قەلبىمدە بىر ئوت بار يانغىنى يانغان

قەلبىمدە بىر ئوت بار يانغىنى يانغان،
پەرۋاسىز يۈرگىنىم نىقابتۇر يالغان.
كۆيمەسكە مۇمكىنمۇ گۈلخانىدەك يىنىپ،
كۆز نۇرۇڭ يۈرەككە چوغدەك قادالغان.

ۋۇجۇدۇم تىترەيدۇ توختاۋسىز ھەردەم،
ئىسمىگە كەلسىلا ئاشۇ دەقىقە.
كۆزۈڭنى تىككەنمۇ ئوتلۇق كۆزۈمگە،
مۇھەببەت پىرىدىن تىلەپ سەدىقە.

سۆيۈشنى ئۆگەتتىم، سۆيۈلۈپ ھەردەم،
زۆھرەدەك ئەقىدە ئورنىغان دىلدىن.
تاھىردەك دەريادا ئاقماقچى بولدۇڭ،
ئۆتەلمەي ۋەدىلەر بىرىشكەن قىردىن.

چىن ۋە پاك سۆيگۈمنى ئاتاپ ئامرىقىم،
ئەقىدەم چىھرىدە يانايمۇ پارلاپ؟
يىغانلىق كۆنلەرگە بىرىپ خاتىمە،
ئەسلىمە باغرىدا قالايمۇ زارلاپ...

# باھارنى باغاشلاپ كەلگەچكە نورۇز

ئويغاندى زېمىنمۇ غەپلەت ئۇيقۇدىن،
ھارارەت ئۆرلىدى ئۇنىڭ تەپتىدىن.
شادلاندى دىللارمۇ شېرىن نەپسىدىن،
باھارنى باغاشلاپ كەلگەچكە نورۇز.

ئانا يۇرت، دىيارىم جەننەتتۇر گويا،
قوينىدا ياڭرىدى نەغمەيۇناۋا.
قىزىدى مەشرەپلەر، قىزىدى ساما،
باھارنى باغاشلاپ كەلگەچكە نورۇز.

دالىلار پۈركەندى رەڭگارەڭ گۈلگە،
ۋۇجۇدلار سۆيگۈدىن كەلدى لەرزىگە،
كۆزلەردىن تۆكۈلەر شادىمان كۈلكە،
باھارنى باغاشلاپ كەلگەچكە نورۇز.

دولقۇنلار ياسىدى ئاپئاق قار سۈيى،
ئېيتىپمۇ تۈگىمەس دوستلۇقنىڭ كۈيى،
يىگىت ھەم قىزلارنىڭ باشلاندى تويى،
باھارنى باغاشلاپ كەلگەچكە نورۇز.

ياڭرىدى ناخشىلار ئېتىز بېشىدا،
سايرىدى بۇلبۇللار گۈللەر شېخىدا،

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

قىز ـ جۇۋان تۇتۇندى نورۇز ئېشىغا،
باھارنى باغاشلاپ كەلگەچكە نورۇز.

دىللاردا ئارمانلار ئويغاتقان نورۇز،
كۆزلەرنى سۆيگۈدىن ئويناتقان نورۇز،
ھىجراننى يۈرەكتىن قوغلاتقان نورۇز،
ئالەمگە مۇھەببەت تاراتقان نورۇز.





# سوئاللارغا كۆمۈلدۈم

سوئاللارغا كۆمۈلدۈم بۈگۈن،
يۈزلەرچە، ياق، نەچچە مىڭلىغان.
قەپىسگە پاتماي چاك بولۇپ،
نېمدۇر ئۇ مۇڭلۇق ئىڭرىغان؟

قەلبىمدىكى ئىشقى ھەۋەسمۇ،
ساپ ئەقدەم شۇنچىلىك پەسمۇ،
ماڭا تەگكەن ئۈششۈكمۇ، قەستمۇ،
سۆيۈش دېگەن بۇنچىلىك تەسمۇ؟ !

كۆمۈلگىنىم كۆمۈلگەن يەنە،
جاۋابى يوق قىرتاق سوئالغا.
ساپ سۆيگۈمنى قىلغاچقا ئاتا،
راۋامدى قالسام ئۇۋالغا؟

سىنىڭدىن مەن كۈتىمەن نېمە
نېسۋەڭگە سوزدۇممۇ يا قول؟
شۆھرىتىڭدىن مەنمۇ شادلىنىپ
تىلىگەنتىم مەڭگۈگە ئاق يول.

سوئاللاردا ئىڭراپ ياتىمەن،
چوڭقۇر - چوڭقۇر ئويغا پاتىمەن.
مەن كىم، زادى قانداق ئىنسانمەن،
ئەمدى قايسى سەپكە قايتىمەن؟


ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغى ئادرىسى

# تۇنجى سۆيگۈ

ئاسمان گۈمبىزى ھال رەڭگە كىرىپ،
تاڭ شەپىقى چوققىنى سۆيدى.
تۇنجى سۆيگۈسىنى ئاتاپ ئۇنىڭغا،
يەنە نېمىشقا زېمىنغا كۆيدى؟

ئاشۇ چوققىلار بەرگەچكە مەدەت،
كۈندە يېپيېڭى پارلىدى قۇياش.
مۇزلار ئېرىدى، زېمىن كۆكەردى،
بۇلۇت كۈنداشتا تۆكسىمۇ كۆز ياش.

سۆيگۈنىڭ تۇنجى ھەم ئاخىرقىسى،
سۆيۈش ـ سۆيۈلۈش بولاركەن ئەبەد.
ئەي، سىرلىق چوققا ساڭا تەئەللۇق،
تۇنجى سۆيۈشلەر ئۇنتۇلماس پەقەت.



# يامغۇر...

ئېه، يامغۇر ياغسەن، ياغسەن تىنماي،
چېكسەن تاراسلاپ دېرىزەمنى ھەم.
ھاياتنىڭ خۇشلۇقى ھەتتا قايغۇسى،
پەقەت ساڭىلا، ساڭا مۇجەسسەم.

ئېسىمدە ئاشۇ چاغ ـــ يامغۇرلۇق كېچە،
بەختكە چۆمۈلدۈق يار بىلەن بىردەم.
كۆزلەر خۇمارلىق، لەۋلەردە كۈلكە،
يامغۇر سۈيىدە يۇيۇلغان پاك تەن.

ئېسىمدە ئاشۇ يامغۇرلۇق كېچە،
«خوش» دېمەستىنلا ئۇزاپ كەتكىنىڭ.
رەنجىدىم بۇلۇتقا، يامغۇرغىمۇ ھەم،
ھىجران سۈيىمۇ بىزگە سەپكىنىڭ !

ئاتەش يۈرەكنى قاپلىدى مۇزلار،
سەۋەبى سۆيگۈمنى باستىمۇ تۇمان؟
قەلبىمدە يانغان ئۈمىد شامىمنى،
ئېلىپ كەتتىمۇ قۇترىغان بوران؟

ياغسەن يامغۇر، ياغسەن تىنماي،
ئېسىمگە سېلىپ ئاشۇ كېچىنى !
ئېيتقىنە سەندە نېمە خسلەت بار،
يۇيغانمۇ لەيلى سۇمبۇل چېچىنى؟ !

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



# ۋاقىت ھەققىدە

پاناھ تىلەپ قاي بىر ئاۋۇلاردىن،
گادايلاردەك تەلمۈرمەي ئاڭا.
ئىبتىقادىم ـ ئىشتىياقىمنى،
ئالتۇن ۋاقىت باغلىدىم ساڭا.

سەنمۇ ماڭا بىقىپ قۇياشتەك،
ۋۇجۇدۇمنى نۇردا سۇغاردىڭ.
تىلىكىمنى ـ ئارمانلىرىمنى،
دەقىقەڭگە قوشۇپ يۇغاردىڭ.

ھەر دەقىقەڭ ماڭا بىباھا،
تەگدىشى يوق بەرنا كۆرۈندى.
چىلىڭ ئەگەشكەچ بەرناغا دۇنيا —
ئۇ چىرايلىق رەنا كۆرۈندى.

ئارام ئىلىپ ماھۇق ياستۇقۇم،
تۇرار ئەنە تۇرغان جايىدا.
— ھاردۇق ئىلىپ ياتامسىز بىر دەم؟ —
دەپ سورايدۇ خوتۇن گاھىدا.

— ياق، بولدىلا، كەلمەيدۇ ئۇيقۇم، —
دەپلا يەنە ئىشلەپ كېتىمەن.
ئېيتقىنە ئەي جانانىم ۋاقىت،
سەندىن كېچىپ قانداق ياتىمەن؟

سۆيگىنىمسەن، سۆيۈملۈكۈمسەن،
ھەر دەقىقەڭ گۆھەردىن ئەلا.
سېنى سۆيۈش، ساڭا ئەگىشىش،
ھاياتىمغا بېرىدۇ مەنا.

ئەي ۋاپادار جانانىم ۋاقىت،
سەن، سەن مېنىڭ ئالتۇن ئېتىزىم.
سەن بېرىسەن ئالتۇندەك ھوسۇل،
سەن ھاياتىم، سەن مېنىڭ بەختىم.

سەندىن ئالغان قۇتلۇق نۇر بىلەن،
تەمتىرىمەي ماڭسام ئەبەدى.
گۈل - چىمەنگە، ئېپار - رەيھانغا،
پۈركەنگۈسى ھاياتىنىڭ بېغى.



# پادىچى بالا

تاڭ سەھەردە چاچراپ ئويغىنىپ،
سوغۇق سۇدا يۇيۇپ يۈزىنى،
چالا - بۇلا قىلىپ ناشتىنى،
مەھكەم چېگىپ ئاياغ يىپىنى،
ئۇنتۇمايدۇ پېشايۋاندىكى،
قوزۇقتىكى ماتا جىلتىنى.
پارچە - پۇرات نانىنى قاچىلاپ،
سېلىپ يەنە دەپتەر، كىتابنى.
ئېلىۋېلىپ قولىغا تاياق،
ماللىرىنى ھەيدەپ قوتاندىن،
تەڭ قىلماي ئۆزىگە ھېچكىمنى،
مەغرۇر توۋلاپ ماڭار ناخشىنى.
جور بولىدۇ ئۇنىڭ كۈيىگە،
ئوتلاقتىكى بوز تورغايلارمۇ.
چاچلىرىنى قويىدۇ تاراپ،
سەھەردىكى سەلكىن شامالمۇ.
قويۇۋېتىپ مالنى ئوتلاققا،
كىرىپ كېتەر بىلىم، كىتابقا.
ئىلھام قۇشى قاققاندا قانات،
كۆز تىكىدۇ يىراق ئۇپۇققا.
ئىنتىلىپ چەكسىز بوشلۇققا،



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

باللارچە قىلىپ تەپەككۇر.
مەن ئويلايمەن پادىچى بالا،
دۇنيادىكى ئەڭ سەبىي بالا.
ئۆزگەرمەيدۇ تۇرمۇش رىتىمى،
ئۆزگەرىسمۇ قانچىلىك دۇنيا.
ئۇ بىلمەيدۇ تورخانىلارنى،
قاۋاقخانا، رېستورانلارنى.
توقۇمايدۇ كىشى كەيىندىن،
ھەسەت قىلىپ ئۆسەك سۆزلەرنى.
تەبىئەتكە بېرىپ مېھرىنى،
يەيدۇ تېخى دوستلار غېمىنى.
چىقماي قالسا ئاگىلارغا ئادەم،
ئۇچار قۇشلار ئۇنىڭ مېھمىنى.
ئوخشىمايدۇ ئۇنىڭ ئازابى،
ئاشىق يىگىت ھەسرەتلىرىگە.
ئوخشىمايدۇ ناخشىلىرىمۇ،
ھاپىزلارنىڭ مەدھىيىسىگە.
چۈشەنمەيدۇ ئىنسانىيەتنى،
ۋەيران بولغان يېشىل ئوتلاقنى،
قۇرۇۋاتقان دەريا ـ كۆللەرنى.
سانائەتنىڭ ئىس ـ تۈتەكلىرى،
ئېلىپ كەلگەن يوشۇرۇن ئاپەتنى.
قىتئە ئارا جەڭگى ـ جېدەلدە،
ئۆلۈۋاتقان سانسىز ئۆسمۈرنى...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# پارچە تىنىقلار

## 1

مىسرالىرىم بويىسۇنۇڭلار قەلەمگە،
كەچمىشلەردىن خەستە يۈرەك يايرىسۇن.
ئىجاد بىلەن پەرۋىش ئەتكەن بوستاندىن،
بارچە جانلار خەندان ئۆرۈپ سايرىسۇن.

مەن ئەمەسمەن كىرىئۇالغان رو چۈن،
ئىلىم ئەھلى، قەلەمكەشلەر سېپىگە.
شېئىر ماڭا، مەن شېئىرگە باغلانغان.
پەرۋايىم يوق ماختاش، تاپا ـ تەنىگە.

يازماق بولۇپ قولغا ئالسام قەلەمنى،
تەپەككۇرۇم تېگىرقايدۇ بىر ھازا.
لەكىنىڭ ئىلھام غىدىقلايدۇ يۈرەكنى،
بولساڭ ئەگەر سەن يېنىمدا دىلرەبا !

ئويلىنىمەن يازماق بولۇپ كىملەرنى،
تولغۇم بار ئەڭ مۇقەددەس كۈيلەرنى.
ھەيران بولماڭ شېئىر ئۆزى بىر چاقماق،
توپان كەلسە باسالمايدۇ ئۇنلەرنى.

2

بوۋىلاردىن قالدى بىزگە ھېكمەتلەر،
ھەر ھېكمەتنىڭ مەزمۇنىدا بىر كەچمىش.
مەن يەتكۈزدۈم ئۇدۇم قىلىپ بالامغا
بىراق بالام ۋۇجۇدىدا مىڭ تەشۋىش.


سالام ساڭا ئەي تەۋەررۈك بوۋايلار،
سالام ساڭا مىڭ ـ مىڭ يىللىق توغراقلار.
سالام ساڭا ئەلمىساقتىن بار تاغلار،
سالام ساڭا چىمەنزارلىق گۈلباغلار.

3

سېغىنىمەن جىمجىتقىنە چۆللەرنى،
ئۆتەڭ يوللار سۆزلەپ تۇرار ئۆتمۈشنى.
سەھرا دېگەن ئوخشمايدۇ شەھەرگە،
ئۆز قوينىغا سىغدۇرىدۇ ھەممىنى.

ئۆرتىنىمەن نادانلارنىڭ سۆزىدىن،
سىقىلىمەن ھەر سورۇندا ئولتۇرسام.
سايراپ كېتەر ئەبجەش تىلدا قۇرداشلار،
پەرۋا قىلماس ئانا تىلدا سۆزلىسەم.

بایاۋاندا سۇسىز قالغان كارۋانده‌ك،
ئىنتىلىمه‌ن ئانا تۇپراق مېھرىڭگه.
كۆلچه‌كتىكى قۇرۇپ قالغان بېلىقته‌ك،
قىران یاشتا ئه‌مدى یه‌تتىم قه‌درىڭگه.





ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچه كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# چۆل ئوغلانى

ئەكس سادا تاراپ يىراق - يىراققا،
ئويغىتىدۇ تاڭ سەھەردە بارچىنى.
يۇلغۇن چېچەك تۆككەن قاقاس دالىدا،
قوزغىتىدۇ چۆل ئوغلانى بۇرغىنى.

قۇشلار بىلەن تەڭ ئويغىنىپ سەھەردە،
كىيىپ شەپەق رەڭ بەرگەندەك كىيىمنى.
تاغلار بىلەن بوي تالاشقان ۋىشكىغا،
سەپ ئالدىدا دادىل ئالار قەدەمنى.

مەيلى جۇدۇن ياكى تومۇز ئىسسىقتا،
توغراق كەبى مەزمۇت تۇرار گەۋدىسى.
ۋايىسمايدۇ قاغجىرىغان جاڭگالدىن،
ئۆزگەرمەيدۇ قارارى ھەم ۋەدىسى.

بىر زامانلار ئۇپۇق سۆيگەن چۆللەرگە،
بارلىقىنى بېغىشلىغان ئاتىلار.
ئۇخلىماستىن پىيما، پېتەك قۇرۇتۇپ،
ناشتىلىقنى تەييارلايتتى ئانىلار.

ماڭدۇراتتى مۇز قاپلىغان مۇنارنى،
ئۇششۇپ قالغان قول - پۇتلىرى سوغۇقتا.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

قارا بوران تۇرار گاھنى ئۇچۇرۇپ،
قىينالغانتى تالاي ئانا تۇغۇتتا.

شۇنداقتىمۇ ئۆي ـ گەمدە خۇش ئاۋاز،
جۇش ئۇردۇ ھۆرمەت ـ ئىززەت، مۇھەببەت.
ئۇدۇم بولسۇن چۆل ئوغلانى بىزگىمۇ،
ئۇلاردىكى مېھر ـ ۋاپا، ساداقەت.

# رۇبائىي ۋە پارچىلار

تۇغۇلدۇڭ پاك پېتى جىسمىڭ سۈتتەك ئاق،
ياشىغىن ۋىجدانلىق، قارىنى دېمە ئاق.
ھاياتىم مەنىلىك ئۆتسۇن دېسەڭ گەر،
ئىجاد دەرياسىدا قەترە بولۇپ ئاق.

*　　　　　*

ئۆتىدۇ ئۆمۈرنىڭ ئالتۇن چاغلىرى،
دەقىقە ئارىلىقىدا بىلىنمەي پەقەت.
ئىجاد قايىنىمىدا ئۈزسىلا كىشى،
ئۆلمەيدۇ، ياشايدۇ ئەبەدتىن - ئەبەد.

*　　　　　*

تۇرمۇش يولى ئەگرى - توقاي، بولمايدۇ تۈپتۈز
ئاڭا دادىل غۇلاچ تاشلا، ئالغا قاراپ ئۈز.
بۇ ئالەمنىڭ سىرى چەكسىز، گويا بىر دېڭىز
بىلىم بىلەن قوراللىنىپ ئۇندىن گۆھەر سۈز.

www.uyghurkitap.com

*　　　　　*


«ۋاقىت ئالدىراڭغۇ ساقلاپ تۇرمايدۇ»،
ئۆمۈر بىر ئۆتىدۇ قايتا كەلمەيدۇ.
ياشلىق چېغىڭدا ئالغان بىلىمىڭ
تاشقا ئويۇلدۇ مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ.

*　　　　　*

ئۆمۈر ئۆتەر ئاققان سۇدەك تېز،
تەر تۆكمىسەڭ قالماس ئۇندا ئىز.
ئۆمۈر سەھىپەڭ گويا ئاق قەغەز،
ئىجاد، مېھنەتتە ئۆچمەس نەقىش سىز.

*　　　　　*

باشلانغان «ئا» «ب» «س»دىن ئانا تىلىم،
شەربەتتەك قۇيۇلدۇ ئۇ قەلبىم تامان.
نۇرلاندى بىغۇبار پاك، سەبىي دىلىم،
يېڭىچە ھېسقا تولدۇم، باقتىم ھەريان.



# ئەينەك

خالىسلىقتا بىباھادۇر ئەينەكنىڭ،
ئۇ كۆرسىتەر چىرايىڭنى زەپ ئېنىق.
بىر كۈنلەردە گۇۋاھچىسىزلا بىلسەن،
ئەمدى ساڭا يەتكىنىنى قېرىلىق.

ئۆكۈنسەڭمۇ خىسلىتىدىن ئەينەكنىڭ،
قانۇنىيىتى تەبىئەتنىڭ ئۆزگەرمەس.
ئەجداد ئەمگەك قايىنىمدا ئۈزگەنلەر،
ئاشۇ مېھنەت سېھرى بىلەن ھېچ ئۆلمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# يارقىن يىللار كارتىنىسى

(ئانا مەكتىپىم — قاراماي شەھەرلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 30 يىللىقىغا بېغىشلايمەن.)

مەرىپەت بۇلىقى ئانا مەكتىپىم
بىر قەرنە تويۇڭنى كەلدىم قۇتلۇقلاپ.
مىسراغا مۇجەسسەم كۆڭۈل ئىزھارىم،
ھېسسىمدا بارىمەن تارىخ ۋاراقلاپ.

ھېلىمۇ ئېسىمدە ئانام تۇنجى رەت
باغرىڭغا ئاھ مېنى باشلىغان چاغلار.
دېگەنتى ئۈمىدتە: بىلىم ئال بالام
بىلىمسىز ھېچقاچان ئاتمايدۇ تاڭلار.

ئۈمىدلەر، ئارزۇلار قوينىدا يورۇپ،
مەرىپەت تەكتىگە چۆككەنتىم تىرەن.
ئۇستازىم مەنىسا، گۈلگىنە كۈلۈپ
تەبەسسۇم، ئەيلىگەن زورىخان، چىچەن.

كائىنات سىرلىرى بولغانتى ئايان
ئابلىمىت، ئابدۇلقاق بايانلىرىدا.
پەرىدە، ئەلانۇر، ئەخەت ھەم قاۋان
باراتتى بىلىمنىڭ داۋانلىرىدا.

تىلىمغا تىل قوشقان لىيۇخەن، چىكاۋۇ
دىلىمغا جان بەردى لەتىپە، ئېلى.
جېلىلقان، ئەدەپقان، قۇناپىيەيۇ
نېغمەتلەر سېپىدە «ئۆمەرباي» قېنى؟

مەن كەبى مىليونغا غەمگۇزار بولغان
قارىيە، تۇرسۇنئاي، داۋۇت ۋە تۆكەن.
ھۆسەيىن، توختاسىن مىسالى گۈلخان
ئۇستازدۇر بىز ئۈچۈن بىر ئۆمۈر كۆيگەن.

نەۋقىران كەلگەنتى ئىلىم بېغىغا
يىللار چىرايلارغا سىلىپتۇ قورۇق.
ھەقىقەت شۇ ئىكەن سەبىي دىللارغا
نۇر بەرگەن ئىنسانلار مەڭگۈگە ئۇلۇغ.

ئىپتىخار قەلبىمدە، مۇنبەردە مېھنەت
تارىختىن ئۇدۇمدۇر سىڭگەن قېنىغا.
پاكلىقتا پەرۋانە، قىلمايدۇ مىننەت
بور توزان قىروسى قونسا بېشىغا.

مەكتىپىم، تارىخىڭ تارىخقا گۇۋاھ
نېفىتلىك سەن بىلەن ئاچتى گۈل چىراي.
مەرىپەت مەشئىلى ئۇ ئەمەس غۇۋا
يالقۇنغا ئايلانغاچ ئۇستازلار تالاي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ئىپتىخار، دىللاردا ئانا مەكتىپىم
قوينۇڭدا يېتىلىش بىز ئۈچۈن ئامەت.
مەن ئەمەس ھەتتاكى سەندە پەرزەنتىم
بىلىمدىن نۇرلىنىپ قۇچتى سائادەت.

تەشەككۈر بايانلار تامچە مىسالى
مىليونلار قەلبىدە بىھېساب داستان.
ئوتتۇز يىل تويۇڭغا ئوغلۇڭ سالامى
مۇئەللىم — ئۇ ئۇلۇغ، ئەڭ قابىل ئىنسان!





# شۇ چاغلار

خىيالىمنى كەتتى ئۇچۇرۇپ،
باھاردىكى ئىللىق شامالار.
كۆز ئالدىمدىن ئۆتتى بىرمۇبىر،
بىللە يۈرگەن شۇ گۈزەل چاغلار.

مۇھەببەتلىك، ئوتلۇق بېقىشتىن،
ئايمۇ ھەيران بولغان كېچىدە.
كۆزلىرىمىز سۆزلەيتتى ئۈنسىز،
لېكىن يۈرەك شادلىق ئىچىدە.

پىچىر - پىچىر شېرىن سۆھبەتتىن،
ئۆرتەنگەنتى ئوت بولۇپ ساما.
تۈن قوينىنى ئاچقانتى كەڭرى،
بولغىنىدەك بىزگە يېپىنچا.

كۆز قىسىشىپ نۇرىنى چاچقان،
ئاسماندىكى زۇمرەت يۇلتۇزلار.
مانا ئەمدى كەلمەسكە كەتتى،
ئايمۇ ھەسەت قىلغان شۇ چاغلار.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com



## مەنتىقە

بىر پارچە سۆڭەك،
ئارخېئولوگنىڭ كۆزىدە ئۇ،
ئوت چاچراپ تۇرغان
ئەجدادنىڭ روھى !
ئەمما سوپۇنچى دەر ئۇنى،
ئاددىيلا خورۇچ.
ئىت بولسا
ئىتلىق نەزىرى بىلەن قاراپ سۆڭەككە،
چاينىۋەتكۈسى كېلۇر
مەززىلىك تاماق ئورنىدا
گۆرۈچ،
گۆرۈچ.



# قىسمەت

قارماق
بىر ئۇچىدا ئالەمچە خۇشلۇق،
بىر ئۇچىدا ئاچچىق كۆز يېشى.
ئاجايىپتۇر ھايات قىسمىتى،
يەمچۈك دېمەك ئۆلۈمنىڭ ئۆزى.
دەريا
دولقۇنلايدۇ قاتتىق تولغىنىپ،
قارماقنىڭكى نىمجانغا قاراپ.
ئۇزاق ئۆتمەي ساھىل بويىغا
كاۋاپ ھىدى كېتىدۇ تاراپ...



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

# رۇبائىيلار

ھەر جانغا ئۆز ئۆيى — «ئۇۋا»سى ياخشى،
دەرۋىشكە يىرتىق تون «جۇۋا»سى ياخشى.
بۇلبۇل گەر خۇش ناۋا كۈيچى بولسىمۇ،
قاغىغا ئۆز ئۈنى «ناۋا»سى ياخشى.

*　　　　*

ئەجەب ئىش ئاقىلنىڭ غېمى تۈگىمەس،
ئاچ كۆزنىڭ بىر ئۆمۈر كېمى تۈگىمەس.
ئۆلسىمۇ ئاقىللار ئاچلىقتىن ھەتتا،
نامەردنىڭ مىننەتلىك ئېشىنى يېمەس.

*　　　　*

ئانا تىل غۇرۇرۇم، ئىپتىخارىم سەن،
بەختىم سەن، تەختىم سەن، تىلتۇمارىم سەن.
سۆزلەيمەن قىنالماي ئەركىن، ئازادە،
بولغاچقا ئوزۇقۇم كۈچ - مادارىم سەن.

*　　　　*

كۆڭلۈڭنى كەڭ تۇتقىن تەمەخوردىن قاچ،
سېخىيلىق بابىدا چېچەكلە گۈل ئاچ.

قۇياشتەك دۇنيانى يورۇتمساڭمۇ،
ئۆز ئۆيۈڭ، خاناڭغا بولسمۇ نۇر چاچ.

*              *

مەيلى سەن ئاي بولغن كۆكتىكى نۇرلۇق،
مەيلى سەن لاي بولغن يەردىكى شورلۇق.
ئادەمسەن ئادەمدەك ياشاشنى ئۆگەن،
نان بەرگەن ئېلىڭگە قىلما تۇركورلۇق.

*              *

هاياتىڭ قەدرىنى بىلگىن، ئەزىزلە،
هەق گەپ قىل، هەق يول تۇت هەم هەقنى سۆزلە.
هۇرۇنلۇق، ئەبگارلىق هاياتقا كىشەن،
شۇ كىشەن بوغمسۇن، چاق — ئۇنى تۈزلە.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# تەلمۈرۈش

چۈشلىرىمدە يۈرسەڭمۇ گەر يار،
رېئاللىقتىن ئىزدىدىم سېنى.
سەنمۇ تەنها خىياللار ئارا،
ھىجران بىلەن ئەسلەمسەن مېنى؟

يۈرەر كېزىپ خىياللىرىمدا،
بىھوشلانغان ئۈتلۈق نەپەسلەر.
سۆزلىرىڭگە سىڭگەن مەنىلەر،
ئويغىتىدۇ دىلدا ھەۋەسلەر.

ئارمانلارغا بۆلەنگەن ھىجران،
ۋىسال ئىزدەپ تەلمۈرەر ساڭا.
سابالاردىن ئەۋەتكىن جېنىم
ھىدلىرىڭنى ئايىماي ماڭا.



# سۆيۈپ قالدىم مەن سىنى شۇنداق

سۆيۈپ قالدىم مەن سىنى شۇنداق،
كۆزلىرىڭدە بولغاچقا ئەكسىم.
ئۇچقۇن ئىدىم يىلىنجىدىمەن،
ئىچىلغاچقا سەندە بۇ بەختىم.

قاراقلىرىڭ چاقفان چېقىندا،
پاكلاپ تۇردۇم روھىمنى ھەردەم.
تىللىرىڭدىن تۆكۈلگەن ھېكمەت،
يۈكسەكلىككە باشلىدى ئەركەم.

مەيىن شامال قەلب ئۆيۈمگە،
سۆيگۈ باشلاپ كىرگەن دەقىقە.
سۆيۈپ قالدىم مەن سىنى شۇنداق،
باغلاپ ساڭا مەڭگۈ ئەقىدە.

چىن ۋاپاغا ھامىلدار ھېسلار،
تۇغار يەنە گۈزەل ئەسلىمە.
سۆيۈپ قالدىم مەن سىنى شۇنداق،
چىن سۆيگۈمنى زىنھار قەستلىمە.

www.uyghurkitap.com



# تەسرات

شەپەرەڭ يورۇقتىن يۇمار كۆزىنى،
پەرۋانە يالقۇنغا ئاتار ئۆزىنى.
دۇنيادا ئېۋەنسىز ھېچ نەرسە بولماس،
داغ باسقان شۇڭلاشقا ئاينىڭ يۈزىنى.

پەرۋانە، شەپەرەڭ قاناتلىق ئەسلى،
ماھىيەت ئوخشىماس ئوخشىسا شەكلى.
ئىنسانمۇ ئەسلىدە شۇنداق يارالغان،
ئوخشىماس ھەرگىزمۇ نىيەت خۇي - پەيلى.

بەزىلەر مىسالى خۇددى شەپەرەڭ،
ھۆسنىگە بېرىدۇ تۇمەن مىڭ خىل رەڭ.
ئىجادكار ئەجرىدىن ئېچىلدۇرسا گۈل،
ئۇلارنىڭ چىرايى بولار زەپىرەڭ.

بەزىلەر مىسالى پەرۋانىگە تەڭ،
بىلىسىڭىز ئۇلارنىڭ كۆكسى - قارنى كەڭ.
ھەرقانداق يانغىنغا ئاتار ئۆزىنى،
ھەرقاچان ماڭىدۇ ۋاقىت بىلەن تەڭ.

# ئانا


ئانا، دەپ توۋلىدۇق تالاي ناخشىلار،
ئانا، دەپ ياشنىدى سانسىز ياخشىلار.
بارسىمۇ مەككىگە رەڭگى ساپسېرىق،
ئانىغا نەپ بەرمەي يۈرگەن ساختىلار.

مەيلى بول ئەۋلىيا، مەيلى بولغىن شاھ،
ئانائىنىڭ ئالدىدا تىزلان سالامغا.
سەل چاغلاپ قالمىغىن بالام ئانائىنى،
بۈيۈكلۈك، ئۇلۇغلۇق ئۇنىڭ جىسمىدا.

ئانائىنىڭ قولىدا تەۋرەيدۇ بۆشۈك،
نە بۆشۈك تەۋرەيدۇ ھەتتاكى ئالەم.
بولمىغان بولسا گەر ئۇلۇغ ئانىلار،
جاھاندا نە قىلۇر گۈزەللىك، ئادەم.

قەلبىمىز تۆرىدە ئانىلار قۇياش،
قۇياشلىق ھاياتنىڭ تەمى ئۆزگىچە.
قۇياشسىز كۆزلەردىن دائىم ئاقار ياش،
دەرد ـ ئەلەم ھۆكۈمران ئاڭا ئۆلگىچە.

زامانە ئاخىرى دېسەڭ بولىدۇ،
ئانىنى خارلىسا بالا دېگەنلەر.
ھەر ئىككى ئالەمدە كۆكلەيدۇ بەختى،
ئانىنى قەدىرلەپ «ئانام» دېگەنلەر.





ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# گۈلستان بۇلبۇلدۇرمەن

قۇياشنىڭ نۇرىدا ئۆستۈم،
ھالاكەت دۈشمىنىدۇرمەن.
ۋەتەن ئانام ئوغۇز بەرگەن،
ئادالەت خۇشتىرىدۇرمەن.

ۋەتەن ئاسىيلىرى — ياۋغا،
ھەقىقەت نەشتىرىدۇرمەن.
ئىناق، خۇشۋاق ئاۋامىمنىڭ
يىقىلماس لەشكىرىدۇرمەن.

چاڭقىسا ئېلىم خەلقى،
ئىچەرگە زەمزىمىدۇرمەن.
ئارمىيەم — پاناھىمنىڭ،
ئۇرۇشتا ھەمدەمىدۇرمەن.

ۋەتەن دەپ سايرىغان ئەسلى،
گۈلستان بۇلبۇلدۇرمەن.
يۇراق چاچقان ئىبىسل ئەنبەر،
چىرايلىق بىر گۈلدۇرمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغى ئادرېسى

# قىرىلارنى «ئەبگار» دېمەڭلار

قىرىپ قالدۇق، قىرى دېسەڭ، ئۆز مەيلىڭ،
بىراق «ئەبگار» دېگىنىڭنى كۆتۈرمەيمەن.
كۆزلىرىڭنى يوغان ئېچىپ قارىماسەن،
ئەل ئىشىدىن زادى نېرى كېتەلمەيمەن.

«ئەبگار» دەپ كەلتۈرمىگىن ئاچچىقىمنى،
بىلەلمەسەن كۆڭلۈمدىكى تاتلىقىمنى.
قارىماسەن مېڭىش - تۇرۇش ئىشلىرىمغا،
يوقاتمىدىم مەن تېخىچە شاشلىقىمنى.

ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، تانسا تېخى،
سەزمىدىڭمۇ قىلىقىمدىن ياشلىقىمنى.
ساقلىمىغا قاراپ ھەرگىز «ئەبگار» دېمە،
كۆر ئۇرۇقنى ئېتىزلارغا چاچقىنىمنى.

بىر كۈچ بار بۇ جىسمىمدا ھارارەتلىك،
ۋايىسمايمەن كەلسە مۇشكۈل تۈرلۈك - تۈمەن.
تومۇردا بوۋام سادىر قانلىرى بار،
تەر بىلەن ئېچىلدۇردۇم كۆپ گۈل - چىمەن.

ياشلاردەك گۈس - گۈس كەتمەن چاپالمىسام،
ھە - ھۇ، دەپ مەدەت بېرىپ تۇۋلىشىمەن.
ئۇسسىغانغا چەينەكتە چاي ھازىر قىلىپ،
ئاپتاپتا سايە بولۇپ ھەمدىشىمەن.

مايتاغنىڭ ئادىمى مەن ـــ جەننەتتىمەن،
خۇشلۇقتا ئۆزۈمنى ياش سەزمەكتىمەن.
ھەر كۈنى يېڭى - يېڭى خۇش خەۋەرلەر،
ئانا يۇرت ھۇزۇرىنى سۈرمەكتىمەن.

قولۇمدا دۇتار تېخى داپمۇ بىللە،
ھارغاننىڭ ھاردۇقىنى چىقىرارمەن.
ئىلغارلار كەتسە ئالغا - چاڭدا قالسام،
توختىماي ياشاڭلار، دەپ توۋلىشارمەن.

«ئەبگار» دەپ قېرىلارنى قىلما مازاق،
قېرىلار بۈگۈن - ئەتە ئەجداد ساڭا.
قەدەمدە قېرىلارغا قىلغىن سالام،
ئۇلارنىڭ ھازىرقىسى ئەتە ساڭا.



# ۋېلسىپىتلىك خىياللار

ۋېلسىپىتلىك يۈرگەن خىياللار،
ئىككى چاقتەك شۇنچە ئالدىراش.
غۇيۇلدىغان ئەركە شامالدا،
سەزمەيدۇ يا قىلچە ھالسىراش.

قاياققىكىن مەنزىلى ئۇنىڭ،
بىرى شۇنداق ساقلامدىغاندۇ؟
ياكى گۈزەل لېچەكلىك دىلبەر،
ئۇنى يار دەپ چاغلامدىغاندۇ؟!





www.uyghurkitap.com

# قاپتۇ ئىشسىز شەيتانلار بۇ دەم

خىزمەت ئىزدەپ يۈرگۈدەك شەيتان،
قىيامەتتە ئورۇن تاپالماي.
خۇش بولاتتى ئەسلى ئادەملەر،
ئەۋرىتىنى قالسا ياپالماي.

ئەمما بۈگۈن بەزى ئادەملەر،
شەيتانلارغا ساپتۇ ۋەسۋەسە.
ھودۇقۇپتۇ شەيتانمۇ مانا،
بىر - بىرىنى ئادەم قەستلىسە.





# دوڭغاق جىگدە

ئۈزاق بىر چاغ مۇھەببەتلەشكەن،
دوڭغاق جىگدە پوستىنى سويۇپ.
ئەجەب يېزىپ قويدۇڭ ئىسمىڭنى،
پىچاق بىلەن باغرىنى ئويۇپ.

ئەمدى بوپتۇ بىچارە قاقشال،
ئوغلۇم ئوتتۇن قىلدى ئوچاققا.
تەبىئەتنى شۇنداق خارلايمىز،
ئالسا ئەگەر بىزنى قۇچاققا.



ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# مەن كۆزۈمدىن سىرغىپ چۈشكەن ياش

مەن كۆزۈمدىن سىرغىپ چۈشكەن ياش،
بەرگىلەردە شەبنەملەر گۇۋاھ.
مەۋجۇتلۇقۇم سەھەردىكى چۈش،
تالاشمىدىم كاككۇكتىن ئۇۋا.

سىڭىپ كەتتىم چىقارماي شەپە،
قارا تۇپراق قوينىغا ئەنە.
بەرگىلەرمۇ توزۇپتۇ قۇرۇپ،
شەبنەملەرمۇ يىتۈپتۇ يەنە.





ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

## تەلپۈنمەن مەڭگۈ قۇياشقا

مەن سەمەندەر،
تەلپۈنمەن قۇياشقا.
ئۈمدىم يوق،
ئۇنىڭدىن باشقا.
شۇڭا !
يازدىم !
مىڭلارچە خەت،
يەنە تېلېفون،
تېلېگراممىلار،
بەردىم قانچە رەت.
ئەمما !
قايتمايدۇ جاۋاب.
چۈنكى...
پوچتىكەش يوقمىش،
قۇياش يولىدا،
ئۈزۈلۈپتۇ سىملارمۇ
شاياتۇنلار،
بەزمە قىلغاچ،
ستولبىدا.
لېكىن...

ئۈزۈلمەيدۇ خەت،
تېلېفون،
تېلېگرامما يەنە.
ۋىسال ئۈچۈن،
پەرۋانىمۇ،
كۆيۈپتۇ ئەنە.



ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# تۆگمدن تۆگگچه

چەبدەسلك قسپ بىراۋلارنىڭ يانچۇقدىن،
چاندۇرماستىن ئەپلۋالدىڭ بىر تال تۆگمە.
كچككنه شۇ تۆگمدىن ئادەتلنىپ،
پوكنىڭغا سغىپ كەتتى بىر چوك تۆگە.

كچككنه تۆگمغۇ ـــ دەپ سەل قارىما،
يۇقتۇرىدۇ ۋۇجۇدۇڭغا يامان ئللەت.
كۆرۈنمەس شۇ مكروبلاردىن ياللۇغلنىپ،
جانغا زامن بولار شۇنداق ئىغىر كۆلپەت.

ئەجىر قلماي تۆگمە تۆگە بولغان چاغدا،
خۇشاللنىپ يايراپ كەتتىڭ ئامەت بۇ دەپ.
ئاچ كۆز نەپسىڭ تاقلدىدى ـــ كۆيدى ئاغزىڭ،
بايقاپ ئچمەي تەييار ئاشنى ئاۋۋال يۇۋۇلەپ.

مېهنەت بىلەن يېگەن ئاشنىڭ تەمى هەسەل،
ئۇ تېنىڭگە هۇزۇر - قۇۋۋەت بېغشلايدۇ.
هارام يېسەڭ ئەلنىڭ هۆكمى هەققانىيەت،
«ئاچ كۆز نەپسىڭ ئۆز گېلىڭنى بوغۇشلايدۇ».

# دادا

قاناتىڭمەن دادا سېنىڭ تالمايدىغان،
ئارمىنىغا يەتمىگۈچە يانمايدىغان.
ئۆزۈڭ دەيتتىڭ «ئارمان دېگەن قۇۋ تۈلكە» دەپ،
يەتكۈزمەستىن، ئىنتىلدۈرۈپ ئالدايدىغان.

دادا، سېنىڭ مەڭگۈ ئۆچمەس يۇلتۇزۇڭمەن،
دادا، سېنىڭ تىزىن پۈكمەس ھۆر قىزىڭمەن.
ئارمان بولۇپ قاچقان ئاشۇ قۇۋ تۈلكىگە،
شىجائەتنىڭ ئوقىنى بىر تەگكۈزىمەن.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىككى ئادرېسى

## ياد ئەتتىم ئەركەم مەن سېنى

ئاسماننى بۇلۇت باسقاندا،
شارقىراپ يامغۇر ياغقاندا.
سېغىنىش ئوتلىرى يالقۇنلاپ
تاقىتىم تاق بوپ ئاشقاندا،
ياد ئەتتىم ئەركەم مەن سېنى !

ئاقىرىپ تاڭلار ئاتقاندا،
مەغرىبكە قۇياش پاتقاندا.
ئاشىق بوپ بۇلبۇل گۈللەرگە،
بىر مۇڭلۇق قوشاق قاتقاندا
ياد ئەتتىم جانان مەن سېنى !

يۇلتۇزلۇق ئايدىڭ تۈنلەردە،
قايغۇدىن يىراق كۈنلەردە.
قول تۇتۇپ جۈپ - جۈپ ئاشىقلار،
قېشىمدىن يانداپ ئۆتكەندە.
ياد ئەتتىم يايرىم مەن سېنى !

شاماللار يەلپۈپ ئۆتكەندە،
مەگزىمنى سىلاپ كەتكەندە.
بىر تالاي يىللارغا يەتكەندە،
ھەممىنى سەن ئۇنتۇپ كەتكەندە،
ياد ئەتتىم ئەركەم مەن سېنى !

# جۇڭغارىيە قەسىدىسى

(مۇسەددەس)

بىپايان جۇڭغارىيە كۆكسى — نېفتنىڭ كانىدۇر،
كۆكتىكى يۇلتۇز گويا چەشمە - بۇلاقنىڭ سانىدۇر،
ئوقچۇغان ماي قەترىسى — ئەلنىڭ قېنى - جانىدۇر،
قاپقارا ماي ئىشقى ئوت - ئاتەش يۈرەك ئارمانىدۇر،
شۇ تىلەك - ئارمانغا تەڭ نېفتچىلار پەرۋانىدۇر،
جان تىكىپ تەر ئاققۇزۇپ قۇچقان شەرەپ مەردانىدۇر.

بۇ دالا ئات ئوينىتىپ ئەجدادلار ئۆم ئۆتكەن دالا،
بىر زامان سۇ قىسلىقى قىستاپ خۇنى ئۆچكەن دالا،
باغرىدا ئوت - چۆپ، گىياھ كۆكتىن نىجاد كۈتكەن دالا،
ھۇۋۇلىشىپ بۆرە - قاۋان يەم ئىزلىبان يۈرگەن دالا،
بىئەجەل جەرەن، كىيىك يىرتقۇچقا جان بەرگەن دالا،
قۇم - بوران چۆلگە خاقان، سۈرلۈك ماكان — ۋەيرانىدۇر.

نەچچە يۈز يىللار بۇرۇن كەلگەن غەرب سەييالىرى،
سىلجىماي ئالغان قەدەم، چىققان ئەلەملىك ئاھلىرى،
ھەم تامام بولغان كۆپۈك شېرىن خىيال - ئىزالىرى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ماي ھىدى سەزگۈسىدىن ئاشقان ئەمەس قاقاھلىرى،
ئاغزىنى تامشىپ قۇرۇق قايتىپ ئۇنىڭ مەدداھلىرى،
خىلمۇخىل مۇقامغا يات ساتقان ئۆسەك ـ ئەپسانىدۇر.

ۋە لېكىن ئۇيغۇر نېفىت مەردانىسى ــ سىبلىم بوۋاي،
مات قىلىپ مۈشكۈلنى بۇندىن تاپتى بۇلاق ھەم تاپتى ماي،
ئۇ يېقىن جايلارغا ماي يەتكۈزدى تېزدىن توختىماي،
تۇنجى رەت قاندى شىخو، تولى، قوبۇق، تارباغاتاي...،
ئۇيقۇدىن ئويغاندى بۇ «سىرلىق ماكان» بۇ كەڭرى ساي،
ساي ئەمەس، ئاستى قارا ئالتۇن دېڭىز ـ ئوكيانىدۇر.

ئەگىشىپ ئەگىزگە تەڭ كەلدى باھارنىڭ ئۇزلۇقى،
گۈل ئۈنۈپ كۆلدى قەۋەت جۇڭغارىيە دەشت ـ قۇملۇقى،
قۇرىدى ئون ئىككى چىش ــ ئەمەن گۈلىنىڭ بەتبۇيلۇقى.
«يالت» قىلىپ قۇياش كۈلۈپ، چىقتى جىمىنىڭ ھاردۇقى،
ياڭرىدى ئالەمگە تەڭ بىرلەشمە جەڭنىڭ مەرغۇلى،
تەنتەنە ئەيلەپ بۇنى بەرگەن مەدەت ئاستانىدۇر.

ئۆتتى ئون، ئەللىك باھار يۈكسەلدى جۇڭغار ۋادىسى،
ھۆسنىگە رەڭ قوشتى ئۇز، جۇڭغارغا جايىر لەيلىسى،
غەلبىگە تەڭكەش ھامان ياغدى «باھارنىڭ ۋالىسى»،
قالمىدى مەڭدەك يېرىدە نېفىتچىنىڭ غەم ـ نالىسى،
قانغۇدەك چايناتتى ماي، تۆككەن ھالال تەر تامچىسى،
بارچىنىڭ چېھرىدە نۇر، قەلبىدە سەل خەندانىدۇر.

ھە، بۈگۈن باقساڭ ئۈنىڭ كۆكسىگە مىليون كۆز بىلەن،
مەھلىيا ئەيلەر كۆڭۈل ـ مەيلىڭنى كۆركەم گۈل ـ چىمەن،
باغرىدا شەھرى نېفت پەرزەنتلىرى ئۈندىن تىمەن،
پەن ـ ئىلىم ئاغزىغا قەنت سالغانمىكىن شېرىن ـ سۇخەن،
ماختىنسام ئۆمرۈم بويى كەلگەيكى ئاز چىقماس ئېۋەن،
مۆجىزات تەختى، ئەزىز يۇرتىنىڭ قىران دەۋرانىدۇر.

يەر يېغى دەريا ئەزىم ئاقماقتا شوخ دولقۇنلىنىپ،
يەتتى جاي ـ جايلارغا گاز ۋە ماي پولات نور ئۇلىنىپ،
ئايرىدى زاۋۇتلار ماي، باكتىن ئۇدۇللۇق يوللىنىپ،
قان كەبى كىرگەندە ماي تومۇر ـ تومۇرغا غوللىنىپ،
چىن كۆڭۈل — ۋىجدانىدىن كۈلدى سانائەت روھلىنىپ،
كۈلكىسى كاككۇك ئۈنى — ئاۋازىدىن چەندانىدۇر.

قالمىدى ئىزناسى چۆل ـ دەشتىنىڭ بۇرۇنقى ئەپتىدىن،
ۋاھ، ئەجەب قالتىس ئېسىل نى ـ نى شەھەردىن ـ رەستىدىن،
ھېچقاچان ۋايىم يېمەس، ھېچكىم بورانىنىڭ قەستىدىن،
جەڭدىمۇ ئاينىڭ ئىشى ئاشمايدۇ ئەسلا ھەپتىدىن،
ئەل شۇڭا خوپ ـ بەللى ! دەپ سۆيۈندى مەردلەر ئىزىدىن،
ھەر ئىزى تارىخ بېتى، ئەل ئاغزىدا داستانىدۇر.

بارچە دىل جۇڭغارىيە دەيدۇ لىۋەن جانانىدۇر،
جانىجان شۇل يار ئۈچۈن مەجنۇن سۆپەت مەستانىدۇر،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پۈتكۈل ئادرېسى

ئەھدىگە قىلغاچ ئەمەل قويىنى ئۇنىڭ بوستانىدۇر،
بۇ ئىناق بىرلىك يېڭى مەنزىل ـ نىشان ئىمكانىدۇر،
كەلگۈسى مۇندىن سۈزۈك ئايىنىڭ قىزى ـــ چولپانىدۇر،
ئىزدىيار ئىززەتكە يار بولغاي بېھىش ـ ئەدنانىدۇر.

ئۆرلە سەن جۇڭغارىيە كۆككە بېقىپ شۆھرەت قۇچۇپ،
ۋىشكىنى ئەيلەپ شوتا ھەر بالدىقىنى چىڭ تۇتۇپ،
چۈشمە باش رەتتىن تۆۋەن، شۈكۈر ـ تەمەگە گوللىنىپ
لەرزىگە ئالەمنى سال يەر تەۋرىتىپ ماي ئۇقچۇتۇپ،
ئەل قىلىپ يۇلتۇزنى جام تەڭلەر شۇئان مەي تولدۇرۇپ،
ئۇل شاراب ئەلنىڭ ساڭا ھەشقالىسى ـــ ئۇنۋانىدۇر.





# ساخاۋەتلىك ئانىلارغا

مېھرىبان ئانىلار سىلەر پەرىشتە،
قەلبىڭلار كىرسىز گويا ئاق چېچەك.
ھەر كۆرسەم ئېكراندا سىيمايىڭلارنى،
سوۋغىتىم سىلەرگە قۇتلۇق بىر تىلەك.

خىسلەتلىك، شىپالىق زەم - زەم تامچەڭلەر،
قۇتقۇزدى ئازابتىن تالاي بىمارنى.
موساباي، ئايخان ھەم نۇرتاي ھاجىمدەك،
ئىللىتتى مېھرىڭلار سەبىي دىللارنى.

سىلەرنى كۆرگەندە يېتىم - يېسىرنىڭ،
توختايدۇ شۇ ھامان يىغىسى، يېشى.
كۆڭلۈڭلار بەئەينى سېخىي باغ - خامان،
مىسكىنگە ئاتالغان مېۋىسى - ئېشى.

ئانىلار، ئانىلار ئىش - ئىزىڭلارنى،
كۈيلىسەك ھەر نەپەس سۆزلەر تۈگمەس.
ئۆتتۈڭلار ئاۋامغا مېھر - شەپقەتنىڭ،
بابىدىن تەسىرلىك ئەڭ ياخشى دەرس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# يالغانچىلىقنىڭ ئاقىۋىتى

(مەسەل)

ئېيتسپ بىراۋ ھېكايەت دېدى: نۇرغۇن يىل بۇرۇن،
ھايۋانلارغا پىلنى شاھ قىلىپ سايلاپتۇ ئاجۇن.
راستچىللارغا شەپقەتلىك كۆڭلى ئوچۇق، تۈز ئىكەن،
يالغانچىغا تەئەللۇق جازا خىلى يۈز ئىكەن.
قويغا بۆلۈپ بېرىپتۇ ئايرىم يايلاق ياۋاش دەپ،
شۈكلاشقىمۇ قوي مەمنۇن بولۇپ ئادىل پىل شاھتىن،
ھەر كۈنى كەچ سالامغا كېلىدىكەن يايلاقتىن.
پىل ئېھتىرام - ھۆرمەتتىن رازى بولۇپ ئالامەت،
— تويدىڭىزمۇ چۆپكە، — دەپ سورايدىكەن ھەر نۆۋەت.
— تويدۇم تەقسىر، — دەپ خۇشال قايتىدىكەن يايلاققا،
ئەمما ياخشى كۈنلىرى بارالماپتۇ ئۇزاققا.
قوينىڭ نەپسى يوغىناپ نىيىتىنى بۇزۇپتۇ،
ئالدىماققا پىلنى ئۇ مۇنداق پىلان تۈزۈپتۇ:
ئادىتىچە بۈگۈنمۇ يوقلىغىلى كېلىپتۇ،
ئاچ - بىچارە كۆرۈنۈپ ئاغا سالام بېرىپتۇ.
— قورساق توقتۇ بۈگۈنمۇ، — دەپ سورىسا شۇ ھامان،
— ياق تويمىدىم، — دەپتۇ قوي، — چۆپ قالمىدى يەيدىغان،
مانا كۆرۈپ تۇرۇپسىز تېنىم ھالسىز، ماغدۇرسىز،
باشقا يەردىن يەنە بىر ئوتلاق بۆلۈپ بەرسىڭىز.

قوينىڭ ئېيتقان سۆزىدىن گۇمانلىنىپ ئاشۇ دەم،
بارسا مەخپىي تەكشۈرۈپ چۆپ مول ئىكەن ھېلىھەم.
ئەتىسىمۇ زارلىنىپ كەپتىكەن پىل ئالدىغا،
ئۇرۇپتۇ پىل خارتومى بىلەن ئۇنىڭ ئاغزىغا.
تۆكۈلۈپتۇ ئۈستۈنكى چىشلىرىنىڭ ھەممىسى،
ئاققان ئەمەس ھېچقاچان يالغانچىنىڭ ھېلىسى.
تا ھازىرمۇ قويلارنىڭ ئۈستۈنكى رەت چىشى يوق،
پىل دەپتىكەن بۇ ئىشتىن ھەممە ئىبرەت ئالغۇلۇق.





مۇھەممەدجان سىدىق

# ئىككى غەزەل

1

ئاھ ئىگەم! رەنا ئۈچۈن مەن تارتمىغان دەرد قالمىدى،
ۋە لېكىن ئۇ مەن غېرىبكە قىلچە نەزەر سالمىدى.

مەندە بار ساپ دىل يۈرەك، شۇدۇر پەقەتلا بايلىقىم،
يا ئۇنىڭ كۆز تىككىنى ئالتۇن - كۈمۈش، زەر مالمىدى.

ئۆرتىدى خەستە كۆڭۈلنى دەردۇپىراقى ھەسسلەپ،
بۇ ئازابقا قويغۇچە، يا بىر جېنىمنى ئالمىدى.

ۋايسماسمەن پانىيدىن كەتسەممۇ يەتمەي ۋەسلىگە،
ئارمىنىم شۇ، بۇ كۆڭۈل سۆيگۈگە زىنھار قانمىدى.

يار ۋەسلىگە يېتەلمەي ھەم كۆڭۈلنى خوش ئېتەلمەي،
باغرى خۇن بولغان مۇھەممەد بوستانىدىن تانمىدى.

2

ئەي نىگار ئاڭلا سۆزۈمنى ساڭا كۆيگىنىم ئېنىق،
بىر سېنىڭ ۋەسلىڭنى دەپ، يېگانە يۈرگىنىم ئېنىق.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىككى ئادرېسى

جان پىدا قىلسام ئەگەر بىر سەن ئۈچۈن ھېچ گەپ ئەمەس،
چۈنكى جاندىنمۇ ئەزىزلەپ سېنى سۆيگىنىم ئېنىق.

جۈپتى يوق ئاشىق كەبى يۈرمەك ماڭا راۋا ئەمەس،
شۇڭا ھەر جايدا سېنى يېنىمدا كۆرگىنىم ئېنىق.

گەر مېنىڭدىن بالدۇرراق يۇمساڭ كۆزۈڭنى بىر كۈنى،
بىلگىنكى شۇ كۈن مەنمۇ سەن بىرلە ئۆلگىنىم ئېنىق.



ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



# تىلەك

تونۇمايسەن مېنى ئېھتىمال،
بولساڭمۇ گەر يېنىمدا ھەر ۋاخ.
تونۇساڭمۇ مېنى پەرىشتەم
تونۇمايسەن
قەلبىمدىكى ئۆزۈڭنى بىراق.
سەن...
ياشاپ كەلدىڭ ئۇزاق يىللاردىن،
دىل قەسرىمگە بولۇپ شاھ ـ سۇلتان
چۇۋۇلدۇ چۈش ھەم خىيالىم
تاۋۇشۇڭنى ئاڭلىغان ھامان.
ھەي !
مەيلى تۇتقىن قەلبىمنى ماكان،
مەيلى مېنى قۇل قىلغىن ئەبەد.
رازى ئىدىم تونۇساڭ ئەركەم
قەلبىمدىكى ئۆزۈڭنى پەقەت.

# مۇزىكا

چېكىلگەندە بارماق تارلارغا،
ھەر قەدەمدە كۈيلەر تۆكۈلۈر.
سېھىرلەنگەن مۇزىكا ئىشقى،
پىنھانلىقتا سۆيگۈ ئەپكېلۇر.
ئېرىق سۈيىنىڭ شىلدىرلاشلىرى،
شۈبھىسىزكى ئېسىل مۇزىكا.
دالىدىكى ئىزغىرىن شامال،
تۆرەلمە بوپ تۇغۇلغان ناخشا.
يەر شارىنىڭ باغرىنى تىلىپ،
ئۇپۇقلارنى كۆيدۈرەر لاۋا.
شادلىق ـ قايغۇ قۇچاقلاشما مۇڭ،
ئورتاق تىلغا ئايلانغان دۇنيا.
چەكسىزلىكتە چېچەكلىگەن گۈل،
مۇزىكىنىڭ ئوتلۇق يۈركى.
قەلبتىكى ھارارەتلىك كۈي،
قاناتلانغان سۆيگۈ مەكتۇپى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# سەككىزىنچى مارتنىڭ كۆزىدە

ئايال
يۈرەكتىكى ئاداققى ئارمان،
ۋۇجۇدلارغا سىڭگەن تېتىمى.
بۈيۈكلۈكتە چاقنىغان چولپان،
ھاياتلىقنىڭ ئۆركەش ـ ئېقىنى.

ئانا
يۈرەكلەرگە تۇتاشقان قۇياش،
كەڭ، مېھرىبان، رەھنەما قۇچاق.
ۋۇجۇدىدا،
پەرزەنتلەرنى بىر ئۆمۈر ئاياش،
دولقۇنلايدۇ سۈتىدەك ئاپئاق.

شۇڭا تالىق دۇنيا بۆشۈكتەك،
ئانا ھايات ـــ گۈلدۈر كائىنات.
پەرزەنتلىرى قىلغاندا پەرۋاز،
بولۇر ئاڭا سەككىزىنچى مارت.


خۇشاللىقى، تەشۋىشلىرى ھەم،
ئەۋلاد ئۈچۈن چاقنايدۇ ھامان.

كۆلكە تولدى قەلبىمگە شۇ دەم،
بايرىمىڭغا قۇتلۇق ئانىجان.

سەككىزىنچى مارتىنىڭ كۆزىدە،
ئېچىلدۇ ئايالالار، قىزلار.
لېكىن پەرزەنت ئانا قەلبىگە،
چېچەرلەرگە باسىدۇ ئىزلار.

ئايال بولماق ئاساندۇر بەلكىم،
ئانا بولماق قىيىندۇر، قىيىن.
شۇڭا
ئانام دەيدۇ ۋەتەننى خەلقىم،
ئانا دېمەك شېرىندۇر، شېرىن.

سەككىزىنچى مارتتۇر ھەر كۈنى،
پەرزەنت بولسا ئەلگە يارامىلىق.
ئاتىۋەتكەن ئۆزىنى پۈتۈن،
ئەلگە تىلەپ شادلىق، ئامانلىق.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# قىز لېۋىدەك سۆيۈملۈك دۇنيا

قىز لېۋىدەك سۆيۈملۈك دۇنيا،
سۆيۈلۈشكە يارالغان پەقەت.
ھەر ئىنسانغا شۇڭا تۇتىيا،
ئۇ ياراتقان ئوتلۇق مۇھەببەت.

قىز لېۋىدەك سۆيۈملۈك دۇنيا،
باغرىدا شوخ ياشنايدۇ ھايات.
ھەممە يۈرەر بولۇپ مەھلىيا،
مۇستەسنادۇر ئۇندا سۈكۈنات.

قىز لېۋىدەك سۆيۈملۈك دۇنيا،
سۆيۈش ئۈچۈن كېرەك شىجائەت.
كېرەك يەنە سۆيگۈ ۋە ھايا،
چىن ئەقىدە، چەكسىز ساداقەت.

قىز لېۋىدەك سۆيۈملۈك دۇنيا،
ئۇ سۆيۈشكە ئىنتىزار ھامان.
ئۇنىڭ ئۈچۈن قىل جاننى پىدا،
پەقەت شۇلا مەڭگۈلۈك جانان.

قىز لېۋىدەك سۆيۈملۈك دۇنيا،
قەرزىڭ ئۇنى گۈللىتىش، سۆيۈش.
قىلما زىنھار قەلبىنى يارا،
ساداقەتتۇر مەڭگۈلۈك كۆيۈش.

# مۇئەللىم

سەن كەمتەر، سەن ئېسىل، ئاددىيلا ئادەم،
سەن بولغاچ يورۇغان قاراڭغۇ ئالەم.
مېھرىڭدىن ئېرىيدۇ ھەتتاكى قار - مۇز،
سېنىڭسىز دۇنيانى باسىدۇ ماتەم.

سەن بەخت، سەن قۇياش، ئاددىيلا ئادەم،
بايلىقىڭ پەقەتلا دەپتەر ۋە قەلەم.
ئەۋلاد دەپ يۈرىكىڭ لاۋۇلدار، ئەمما —
مەيلى سەن قانچىلىك چەكسەڭمۇ ئەلەم.

سەن ئۇلۇغ ۋە لېكىن ئاددىيلا ئادەم،
سېنىڭسىز ھاياتتا بولماس قىلچە تەم.
بىز ئۈچۈن سەن گويا چىرىمەس يىلتىز،
ئۆتمۈشمۇ، بۈگۈنمۇ، كەلگۈسىمۇ ھەم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# سەن كېتىپ...

سەن كېتىپ تىترىدى قەلبىمۇ يېنىك،
سەن كېتىپ كۆز ياشلار چۈشتىغۇ سىرغىپ.
قەلبىمىز تۇتاشكەن ئەسلىدە جېنىم،
سەن كېتىپ قالدىممەن جايىمدا قېتىپ.

سەن بىلەن ئۆتكەن شۇ كۈنلىرىم قېنى؟
گۈلۈم دەپ توۋلىغان ئۈنلىرىم قېنى؟
بىلمىدىم بۇ راستمۇ چاقچاقمۇ ياكى،
سەن كېتىپ پىراقىڭ قىيىندى مېنى.

كۆرگۈم بار كۈلكەڭنى، كۈلگىنە جېنىم،
تۇتقۇم بار قولۇڭنى سۇنغىنە جېنىم.
قەدىرىڭگە يەتتىم مەن ئايرىلىپ سەندىن،
بولدى قىل، سۆيگۈڭنى بەرگىنە جېنىم !



# ساۋاقداش

ئىلىم بېغى مەكتەپتە، تونۇشقانتۇق ئەسلى بىز،
بالىلىق ھەم ياشلىقتا بىللە بولغان يولىمىز.
ئايرىلساقمۇ ساۋاقداش، ئايرىلمىسۇن قەلبىمىز،
چۈنكى بىزنىڭ ھەرقاچان ئۈيۈلتاشتۇر ئۈلىمىز.

ئامان بولسۇن مۇئەللىم چارچىدى ئۇ بىزنى دەپ،
ئاڭا قانداق قارايمىز بېرەلمىسەك ئەلگە نەپ.
بۇ كۈن كەلمەس قايتىدىن پۇرسەتنى بىل غەنىيمەت،
رەنجىمەيلى ئۆزگىدىن ئۆزىمىزدە ھەممە گەپ.

دوستۇم ھايات شۇنداقكەن، قايغۇرمىغىن سەن ئاڭا،
يېڭى مەنزىل بىزلەرنى ئالماقچىغۇ قوينىغا.
شۇڭا ئىزدەن، تىرىشقىن، ۋاقىت يانماس ئارقىغا،
شەرەپ قۇچۇپ يىللارنىڭ گۈلدەستە ئاس بوينىغا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# دېرىزە ئالدىدىكى ئەر

(لىرىك داستان)

## 1

چۈشۈمنىڭ يېرىمى كارىۋات يېنىدىن،
ئۆملەپ چىقىدۇ چەكسىزلىكىمگە.
تاملارغا مۆكۈنەر سىرلىق كۆلەڭگەم،
بىر شۈبھە چاڭ سالار بەدەنلىرىمگە.

جىمجىتلىق يېمەكتە مېنى پارچىلاپ،
ئادەمسىز، قاراڭغۇ سوغۇق بۇ ئۆيدە.
يوقايدۇ بارلىقىم بەلكىم دېرەكسىز،
ئايلانسام ئاخىرقى مۇتلەق سان نۆلگە.

ئۈنەرمۇ تېنىمدىن لالە - رەيھانلار،
ئايرىلىپ قالسام گەر ياغقان يامغۇردىن.
قاغجىراش باشلىنار شۇنىڭدىن كېيىن،
زىمىستان تۆكۈلەر ئىسسىق باغرىمدىن.

ئاسمانغا قارايمەن بىر چەتتە تۇرۇپ،
خىيالىم ئەگىشەر بۇلۇتقا ھەردەم.
كۆلمەكتە ئادەملەر مېنى ساراڭ دەپ،
شۇلارچۇن كۆن بويى مىڭلاپ غەم يېسەم.

2

سېنىڭ كۆلۈمسىرىشىڭ مېنىڭ بارلىقىم، ئىزتىراپ ئىچىدە لاتاپەتلىك قارىشىڭ مېنىڭ سېغىنىش ئىلكىدە تەلمۈرۈشۈم ئىدى. لېكىن سەن قۇشقا ئوخشاش يۈرىكىمدىن ئۈن - تىنسىزلا ئۇچۇپ كەتتىڭ. كۆڭۈل سىرىم كۆزۈڭ ساھىلىدىن كەچمىشنى ئىزدەۋاتىدۇ.

مەن ئالەم جىسمىغا سىڭىپ كەتتىم. پەقەت ئاشۇ قىسمەتلا ماڭا قايتا ھايات بېغىشلىيالايدۇ. سەن باھارنى ئەمەس، قەلبىمگە زىمىستان قىشنى باشلاپ كىرگىنىڭ نېمىسى؟

بۇ ئالەم سەن بىلەن گۈزەل ئىدى...

يۈرىكىمنىڭ پايانسىز ئېكىنزارلىقىدىن گۈلدەستە راسلاپ ساڭا سوۋغا قىلىمەن، قوبۇل قىلارسەنمۇ؟ مۇھەببەتنىڭ چۈشىنى روھىڭغا چېچىۋەتتىم. مېنىڭ باغرىمغا يامغۇر بولۇپ تۆكۈلۈشۈڭنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتىم.

سېنىڭ مېنى ئەركىلىتىشىڭ بەختسىزلىكتىن بەختىيارلىققا ئېلىپ چىقىدۇ. سەن مېنىڭ قەلبىمدە سۆيۈملۈك ئوبراز،

قىممەتلىك بىر دەستە گۈل. كۆڭلۈمنىڭ پىنھان تەنھالىقى سەن بىلەن بىرلىشىپ سۆيگۈ ئالىمىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. چۈنكى سەن مەندىكى بارلىق ئازابلاردىن بىگۇمان سۇزۇلۇپ چىقىپ قەلب ئەينەكلىرىمدە گۈزەل لاتاپىتىڭنى، جەزبىدار چىنلىقىڭنى ئايان قىلغانلىقىڭ ئامرىقىم.

3

يۈرىكىم مۇجۇلار بىئاراملىقتا،
بۇنىڭغا ھېچكىم بىرەلمەس تەبىر.
بىر ئادەم
ئۆز - ئۆزىگە قاراپ ئولتۇرۇپ،
يالىڭاچلاندى رەسىم يۈزىدە.
ئارمان گۈللىرى ئۇچۇپ يۈرگەن
چىغىر يولدا
ناشتىلىق قىلدۇ كەچكى شەپەق.
بۈگۈن
ئوخشايمەن يۇمران بىر تال كۆچەتكە.
ئەتە
ئوخشايمەن
تاملىرى ئۆرۈلگەن كونا قەلئەگە.
ئۆگۈن
ئوخشاپ قېلىشىم چوقۇم،

غېرىبلىقتا ئۆتكەن قىرى دەرۋىشكە.
شەھەر
قىستاڭچىلىقتا لىق تولدى ئىچىڭ
لايدىن ياسالغان ئادەملەر بىلەن.
مەن شۇلارنىڭ بىر تال پېيى
دەسسىلىپ يۈرگەن پۇتلار ئارىسىدا.
بوران ئاقىدۇ
يامغۇر كۆيىدۇ
قەلبىمدىكى قۇملۇقلاردا...
كىتاب —
زېرىكىشنى بىردەم ئۇنتۇلدۇرۇپ
ئوقۇتماقتا ئۆزىنى ماڭا.
قىز —
ئەركەكلەرنىڭ ئۆمۈرلۈك ھاسىسى.
كۆيۈۋاتىمەن،
كۈلۈمنى پۈۋلىمەكتە
بىر بالا...

4

مېنىڭ ساڭا رىشتىم بار، يەنى كۆزنىڭ كۆڭۈلگە بولغان رىشتىسىگە ئوخشاش، يەنى نەپەسنىڭ جىسمىغا ئوخشاش، يەنى گۈزەل بىر چۈشكە ئوخشاش مەن مېڭىۋاتىمەن، سېنىڭ قەدەملىرىڭ ئارىسىدىن... پۈتۈن تۇساقلارنى بۇزۇپ -

www.uyghurkitap.com

يۇركىڭگە سىڭىۋاتىمەن. سۆيگۈم مەۋجۇتلۇقۇڭ ئۈلكىدە تەڭداشسىز ساخاۋەت، ئۇلۇغ كۆيۈشتىن ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ۋىسال دەقىقىلەرگە ئاقۇزۇپ مۇھەببەتلىك دەريا ھاسىل قىلماقتا.

مېنىڭ ساڭا رىشتىم بار، گۈللەر ئارىسىدىن ئىزدەيمۇ سېنى؟ بارچە كۆزلەردىن ئىزدەيمۇ سېنى؟ كائىناتنى بەردىم ساڭا خالىغانچە پەرۋاز قىلىۋال. باش ئەگدى تاغلارمۇ، چىمەنلىكىمدە ئەركىن يېتىۋال! قونۇپ قالساڭ غېرىبخانامدا ئۈنۈپ چىقار بۈيۈك مۇھەببەت. پەيلىرىڭدىن تۆكسەڭ مېھرىگۈل، تاپار ئىدىم ئەڭ چوڭ بەخت، يىراقلايتتى مېنىڭدىن ھەسرەت.



يۈرىكىمدە ئازابىنىڭ چۆكمىسى قالدى. مەن سېنى خىيالىمنىڭ رۇجەكلىرىدىن ئىزدىدىم، تىتىلىپ كەتكەن ئارمىنىمنى قايتا ياماشقا ھەققەتەن قۇربىم يەتمەيدۇ. سۆيگۈمنى قەلبىڭگە مەڭگۈلۈك يوشۇردۇم. ھەربىر كۈنلەر يانچۇقىدىن سېنىڭ ئىسمىڭنى، جاۋاب خېتىڭنى ساراڭلارچە، لېكىن ئەقلى - ھوشۇم جايىدا ئاختۇرىمەن، قەلبىم يەنىلا ساڭا تەلپۈنىدۇ.

5

ئىسمى ناتونۇش ئۇماق كۆلەڭگەمنىڭ،
كېتەر قانتى كارىۋىتىمدا سۇنۇپ.

قارىچۇقۇمدىن كۆكلىگەن كۆلۈمسىرەش،
تۇرىدۇ يېنىمدىن كەتمەكچى بولۇپ.

ئاۋازلار تىلىدىن تۆكۈلگەن ھەرپ،
ئوخشايدۇ چاچلىرى چۇۋۇلغان ماڭا.
ئەينەكنىڭ ئىچىدە ھايات شولىسى،
نۇر چېچىپ ياتىدۇ چۈشلىرىم ئارا.
قارايمەن ئۆزۈمگە گۈزەل رەۋىشتە،
سۇنماقچى بولىمەن بۈيۈك بىر جەننەت.
تەقدىرنىڭ قولىدا كەلدىم مىجلىپ،
بىر ئوتلام مېھرگە قانالماي پەقەت.



6

ئەگەر مەن ئىشقىڭدا كۆيۈپ ئۆلۈپ كەتسەم قانداق قىلار بولغىيتتىڭ ياكى كۆلۈمنى كۆككە سورۇپ خۇشال بولامتىڭ، ۋە ياكى كۆز يېشىمغا جور بولۇپ ئاقامتىڭ؟ ئاشۇ خۇمار كۆزۈڭدە پېقىرنى سېھىرلەپ ئالغىنىڭدا سۆيگۈ ھەم كۆڭۈل ئاشقى بولۇپ كېتىدىغانلىقىمنى بىلمىگەنمىتتىڭ؟

ۋۇجۇدۇمدىكى بارلىق ئىستەكلىرىمنى سېنىڭ يېنىڭغا تىزىمەن. تۇيغۇلىرىمدا چۈشەكەپ يۈرگىنىمگە خېلى زامان بولدى. روھىمنى ئۇن - تىنسىز ئاختۇرىمەن. پەقەت بىر سېنىڭ سۆيۈملۈك رەسمىڭنى يۈرىكىمگە سىزىپ چىقىمەن.

ھەرقاچان سەن ئۈچۈن يېنىۋاتقان قەلبىمدىكى چۇغلانىشنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالمىغانسەن، ياكى ھېس قىلىشنى خالىمىغانسەن؟ غەلىبە بىلەن مەغلۇبىيەت ئارىسىدا مەن يېرىم جان، خالاس. سۆيۈشنىڭ ئورنىغا سۈكۈت قىلماقتىمەن.

ئىككىمىزنىڭ ئارىلىقى بارغانسېرى يىراقلاپ كېتىۋاتىدۇ. سېنى قول سوزۇپ تۇتالمىدىم. ساڭا باغلانغان مۇھەببەت يىپلىرىم ئۈزۈلۈشكە باشلىدى. ئالەمنىڭ يېشىل چۈشىدە سەن ئۈچۈن قەدىمكى گۈللەرنىڭ لېۋىگە يامغۇر بولۇپ تۆكۈلدۈم. سۆيۈش ۋە سۆيۈلۈش پاسىلىدا قىينالغان جېنىمنى سەن ئۈچۈن كۆيۈۋاتقان ئوتقا تاشلىدىم. پىغانىمدىن ئۆرلىگەن ۋىسال تۇزانلىرى قۇملۇقلارغا يېيىلىپ غايىب بولدى.

7

قاقشال دەرەخمەن
شېخىمغا قونمىغان ھېچقانداق بىر قۇش.
يېشىل چۈشلەر تاشلايدۇ خازان
كۆزلىرىمگە
يۈرىكىمگە
كۆيلىرىمگە ...
سەرسان تۇرمۇش

يېتىرقاپ قالدى باغرىمدا.
سۆكۆتلىرىمگە سىغمىغان غەملىرىم
دېرىزەمدىن چىرايلىقىنا
سىرغىپ چۈشتى ئېتەكلىرىمگە.
ئاھ،
رەزىل، ئەمما ئوماق مۇھەببەت،
رام قىلالمىدىڭ كۆڭلۈمنى پەقەت.
مەيخانىدىكى ھېلىقى قىزدەك
ئېرىپ كىرەلمەس ھاياجان
مۇز قاپلىغان ئىچىمگە.
چاقىرىمەن تۈكلۈك كېچىدىن،
تاشقا ئايلانغان ناخشامنى
ئۆمرۈمنى غاجاپ بولغۇچە ۋاقت.
ئاي
يورۇتۇپ تۇرار بىر تەرىپىمنى
يالغۇزلۇقتىن يىمرىلىپ كەتكەن
يەنە بىر تەرىپىم پۈتكۈچە...
چېچەكلەيدۇ ئەتىرگۈل
باھارنىڭ تىنىقلىرىدا،
سېنىتەبىر مۇزلۇق قولىنى
سۇندى يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر يېرىگە...

ئۇيغۇر كىتاب تورىتىكىسى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

## 8

سېغىنىش سەن بىلەن مېنىڭ ئارىلىقىمىزنى قىسقارتىپ تۇرىدۇ. خىيال قويىنىدا تائەبەد لەيلەپ يۈرگۈم يوق. مەنمۇ رېئاللىققا قايتىشىم كېرەك. ئەمما... قانداق قايتىمەن؟ قايسى يولدا؟ ! مۇھەببەتنىڭ چىغىر يوللىرى مۇڭلۇق سۆيگۈ چېچەكلىرىنى ماڭا ھەقسىز ھەدىيە قىلسىمۇ ئارمانسىز يۈرىكىم ئىمجان تىترەپ تۇرىدۇ. قايتىپ كېلەرسەنمۇ بەختىنىڭ يېڭى كۈنلىرى؟ ! مېنىڭ تۈنۈگۈم سېنىڭ تېڭىڭ بىلەن يورۇقلۇققا چىقىدۇ.

سېنىڭ ۋەسلىڭگە يېتىش، سەن بىلەن بىر تەن، بىر جان بولۇش، ھاياتلىق تومۇرلىرىڭغا سىڭىپ كېتىش مېنىڭ ئۇلۇغۋار ئىستىكىم ئىدى. مەن دەل سەن ئارقىلىق ئۆزۈمنى ئىزدەشنى بىلىۋالدىم. ئارمانىنىڭ قوللىرى ھېلىھەم مېنى ئەركىلىتىپ تۇرىدۇ. كىچىككىنە ئەينەك پارچىسىدىن سېنىڭ ئەكسىڭنى تولۇق كۆرگىلى بولاتتى. بىراق سەن بەكمۇ يىراقتا...



## 9

قەلبىمدە ناشتىسىز قالغان كىشىدەك،
ئىگرايدۇ ئاداققى ئۆتمۈش ۋە جاھان.

سوغۇق نۇر چاچىدۇ خىلۋەت مەلەمگە،
گاھ ئۇچۇق، گاھ تۇتۇق كۆك رەڭلىك ئاسمان.

بۇلۇتتەك يېيىلىپ بىمالال شۇ تاپ،
قاراڭغۇ بىر جايغا ياقىمەن چىراغ.
خىياللار ئاقىدۇ قارشى قىرغاققا،
قۇشلىرىم تىۋىشسىز كەتكەندە يىراق.

يوپۇرماققا كۆمۈلۈپ قاپتۇ ئادەم،
جۇدۇنلارنىڭ ئاشۇ چەكسىزلىكىدە.
بۇ يولدا ـ ئۇ يولدا نۇرغۇن ياتسىراش،
چىچىلغاندۇ كىملەرنىڭ ئىتەكلىرىگە.



10

شام كۆيىدۇ چوغدەك
ئىبرىۋاتقىنى ئادەم ھەيكىلى.
ناخشام قىرىيدۇ سائەت ئىچىدە
مومايغا ئايلاندۇرۇپ زىلۋا بەختىنى.

بۇگۈن بىلەن ئەتە ئارىسىدا،
ئۇزاق يىللىق ئازاب يارىسىدا.

گاھىدا كۈل بولسام گاھىدا تۈتۈن،
قارىيىپ كېتىدۇ كۆڭۈل ئاسمىنىم.
تېنىمدىن ئۇيۇلغان ئۇچاقلىرىمدا،
كۆيمەكتە يالقۇنسىز ئارزۇ - ئارمىنىم.

بىر غېرىب ئەر چۈشۈپ كارىۋاتتىن
دېرىزە ئالدىدا
كۈلۈمسىرىدى پەقەت يالغاندىن!



# ئۇچۇش

1

دەرەخلەر ئۇچماقتا،
روھلار قونماقتا،
ئالقانلاردا تۈگۈلگەن يەر
كوچا سۈپۈرىدۇ قاناتلىق ئەر.

2

مەن ئۆزۈمدىن چىقىپ كەتتىم،
ھېچكىم كۆرمەستە.
جىمجىتلىقنى ئۆلتۈرۈپ قويدۇم،
ئەسلى ئۇ قاتىل.
سەزگۈلەرگە مىخ قاققان،
ئۆزى ئۆلمەستە.
ئۇ مېنىڭ
پەقەت مېنىڭلا قاتىلىم
مەسىھ چۆلدە چىنىققان.
تاماقتا ئالقانلىرىمدىن قان،
سوۋۇماقتا جىسمىم شۇ قەدەر.

① جاي نامى

قۇياش ئۆز رەڭگىنى يوقاتتى،
تۇغۇمغا قايتماقتا ھېسلار
لەۋلىرىگە يېشىل ھەل بېرىپ
دېرىزىدىن كىرمەكتە قىزلار.

3

قىشلاقتام① دەپ بىر يۇرت بار
غۇلجىنىڭ تىرنىقىدا توختاپ قالغان.
قاش دەريا،
ئاق ئۆستەڭ،
ياشلار ئۆستىڭگە ئورىلىپ،
ئابرالنىڭ تېگىدە ئۇخلاپ قالغان.
مەن ئۇ يەرنىڭ تۆن بالىسى ئەمەس
ۋە ئۇ يەرنىڭ ئاخىرقى ئۇچى.
پەقەت تاشلاندۇق كەپىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ
قومۇش نەينى ئېلىپ قاچقان.
پادا باققۇچى.

4

كىم مېنى لەگلەك قىلىپ ئۇچۇرغان
تانىسىغا ئوراپ كۆزىنى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

چىقنالماي قاتناش پۇلغا
سىتنۆەتكەن ئون مو يېرنى.
بىردىنلا شاھقا ئايلىنىپ قالدى دادام
«يەتتە قات ئاسمانغا چىقارسەن» دەپ
ئۇلۇغ بىر دۇئاغا قول كۆتۈرگەن ئاخشىمى.
تونۇمايتتى كەنت باشلىقى
سالام بەردى شەھەر باشلىقى.
جىسمى كىرىپ كەتسىمۇ يەرگە
ئىسمى روھ بوپ تارالدى ئەلگە
ئىھ پاناھىم دادام ھاشىمى.

5

ئۇچۇپ كەتتىم قومۇش نەيىنى پۈۋلىگەنچە
قۇشلار ئەتراپىمغا يىغىلدى ھەم:
— پەرۋاز قىلغان سەنمىدىڭ، — دېدى.
ئاسمان تىننىقىمدا ئۇۋۇلدى
يەر ئالقىنىمغا كىردى.
بويۇم ئۆستى ئۆزۈم بىلەن تەڭ
قۇياش كۆيلىرىمدىن ئالدى يېشىل رەڭ.
دېدى ئۇ يەنە: — بۇنى باشقىلارغا دېمەڭ!
مەن سىر ساقلىيالمىدىم...
ئاي مۇنچىسىدا يۇيۇندىم
لېكىن ئۆزۈمنى ئاقلىيالمىدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

6

ئۈرۈمچى توقۇمچى قىز
توقۇپ چىقتى روھىمنى باشتىن
ئۆزۈمدىن ھالقىدىم.

7

ئون بەش يىل...
كۈنلەر كۈنلەرنى يېدى،
ئايلار ئايلارنى يېدى.
يىللار يىللارنى يېدى.
يېمەكتە...
مەن يېيىلدىم، سەنمۇ يېيىلدىڭ
ۋاقت، جىددىيلىك ۋە يەنە مۇزدەك ئەمگەك،
يېدى، يېدى، زادى تويمىدى.
ئۆمۈر بارخانلىرى كۆپەيمەكتە
يەر ئولتۇرۇشماقتا
گۈل ئۆستۈرگەن گۈل بولالمىدى
قانات قاققان ئەر بولالمىدى.

8

سۆيۈش، سۆيۈلۈش يېگىلىق ئەمەس.
ئەمما

سۆيۈشتىن سۆيۈلۈش بولۇپ كەتتى تەس.
سۆيۈلۈشكە كۆنگەن بۇ شەھەر
قىزلارغىلا قىلىدۇ ھەۋەس.
ئىككى جىنس ئوتتۇرىسىدىكى تام
قوپۇرۇلغان بولسا ئىدى پەس
ئەرلەر كىيىپ يۈرمەيتتى ئەتلەس.

9

قەمبەرنىسا بىر گۈل ئىدى
شاخىدا سايرىغان بۇلبۇل ئىدى.
يىلتىزىغا قۇرت چۈشكەن ئەر
كىم سىنى گۈل بولسۇن، دېدى!

10

يەنە ئۇچتۇم
ئۆزۈمنىڭ قاناتلىرىدا
نەملەندى قەلبىم
پەرۋازىمنىڭ كۆز ياشلىرىدا...

11

دەرەخلەر ئۇچماقتا
تاملار ئۇچماقتا

www.uyghurkitap.com

چۈمۈللەر قانات چىقاردى
ئۆگزىمىزگە ئايروپورت سالدى.
مەن، سەن
بولۇپ قالدۇق ئاڭا يولۇچى.
ئۇچۇش كېرەك!
گەپ قىل تېرەك!





# ھايات مېلودىيىسى

## ئاق دەۋر

يالغۇز كائىنات، يالغۇز روھلار،
يالغۇز تەنلەردىن، تامار رىۋايەت.
بىر ئۇلۇغ پەرىشتە سۆزلەپ يۈرەرمىش،
پاكلىق ھەققىدە گۈزەل ھېكايەت.
ئاپئاق قار، ئاق نۇردا يۇيۇنغان كۈنى،
ئاق كەپتەر ئاقلىققا تويۇنغان كۈنى.
ئەڭ ئۇلۇغ بىر ناخشا يارالغان ئىكەن،
ئاي يۈزلۈك بىر بوۋاق تۇغۇلغان كۈنى.
ئۇماق بالام، جان بالام،
ئاپئاق بالام، ئاق بالام،
ئەللەي بالام، ئۇخلىغىن،
مېنىڭ ئۇماق پاك بالام.

## يېشىل بالىلىق

شۇنچە گۈزەل تەبىئەت، شۇنچە ئۇماق تۆتقۇلاق،
تەۋرەنمەكتە يەر شارى، بۇندا شېرىن ھېسلاردىن.
ئىزگۈ ئارمان كۆڭلىگە پاتماي قالغان يۈرەكلەر،
ئەگىشىدۇ قۇياشقا، تۇتاش كەتكەن ئىزلاردىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## قىزىل ياشلىق

قىزارغان يۇلغۇنلار شۇنچە سۆيۈملۈك،
قۇياشتا قىزىرىپ تاۋلىنار دالا.
قىزارغان ئالمىلار، گىلاستەك لەۋلەر،
قىپقىزىل ھېس بىلەن ئاقىدۇ دەريا.
تۇرىدۇ بىر يىگىت، قولدا قىزىلگۈل،
سۆيمەكتە مەڭزىنى ئۇچقۇر شوخ سابا.
ئەپكىلەر مەشۇقى ئۇنىڭغا ئاتاپ،
ساداقەت گۈلى ھەم بىر بادامدوپپا.
ئايلىنار قۇياش بىر جۈپ يۈرەككە،
ئاتەش يۈرەكلەردىن ئۇچقۇيدۇ ماگما.
روھلار ئوت ئالىدۇ كۆيىدۇ تەنلەر
سۆيگۈدىن مەست بولغان، كائىنات گويا.

## ئالتۇن دەۋر

تۇرىدۇ، يېگانە غەمكىن ئورۇندۇق،
غەمكىن ھەم تەبىئەت، سارغايغان دالا.
قىلماقتا نەسىھەت كەپسىز ئوغلىغا،
بەللىرى مۈكچەيگەن ھارغىن بىر دادا.
«ھەي بالام، سەن تېخى بىر نادان گۆدەك،
كىرمىگىن كۆڭۈلنىڭ كەينىگە ئەسلا.

ھاياتلىق مۇساپەڭ تېخى كۆپ ئۇزۇن،
ئۇچرايدۇ ئالدىڭغا، قامغاقمۇ ھەتتا.
ئېيتقىنە، تۈگمەس ناخشاڭنى ئوغلۇم،
لۇتۈن بول، مەھمۇد بول ياكى سادىر بول.
ئەلنى سەن چىمەنلىك ھېسابلا ئوغلۇم،
چىمەنلىك باغلاردا بولغىن سەن بۇلبۇل.»
ئۇچماقتا لەيلەپ سارغايغان ياپراق،
ئويلىنار دادا ياپراققا قاراپ.
«مەن نېچۈن مەنزىلگە يېتەلمەي قالدىم؟
ئەۋلادقا كېرەكتى ھەقىقىي جاۋاب.»





ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# رەسسام ۋە كارتون چۈش

## 1

يىراق يېزا، قاتقان شۇ دەقىق،
قىزىم سىزغان رەسىم يۈزىدە.
مەۋجۇتلۇقى يوقالغان دۇنيا،
پاكلانماقتا ئۇنىڭ كۆزىدە.
«دادا، دادا، قارا رەسىمگە،
ئوخشامدىكەن يېشىل ئەتلەسكە،
تۇرار ئەنە بوۋامنىڭ ئۆيى،
ئىسسىق تاماق ھىدى كېلىدۇ،
مومام تاماق ئەتتى ئەلۋەتتە.
بىر قارىساڭ بادامدوپپىدەك،
بىر قارىساڭ چىمەندوپپىدەك،
ئوخشاپتىمۇ يېزامغا دادا؟
ئوخشاپ قالىدۇ گاھىدا ساڭا،
بىر قارىساڭ ئوخشار ئانامغا.
دادا، ئوبدان قارا رەسىمگە،
تاپالايسەن ئۇلۇغ مومامنى،
بەكمۇ كۆرگۈم كېلەتتى ئۇلارنى.
ئۇلار ماڭا ئېيتىپ بېرەتتى
‹مۈشۈك بىلەن ئوماق چاشقان›نى.

بەك زېرىكتىم مۇزدەك شەھەردىن،
تېپىلماسكەن مومامنىڭ ھىدى.
تېپىلماسكەن تونۇش چىرايلار،
نەدە قالغان بوۋامنىڭ ئىزى؟ !»

2


ئاندىن ئايرىلغان بىچارە قۇشتەك،
تەنتەك شەھەرگە ماسلاشمىغاندەك،
غېرىبسىنار مېنىڭ ئىشخانام،
ئانام كۆزىدىن سىرغىغان ياشتەك.
كۆز ئۈزمەي قارايمەن ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق،
رامكىغا بەندتۇر يالىڭاچ بىر تەن.
شەكىلگە ئايلانغان بارچە گۈزەللىك،
باغلانغان ئەبەدىي كۆزلىرىم بىلەن.
كۆز دېمەك ئادەمنىڭ قەلب ئەينىكى
كۆزۈمنى ئويۇپ تاشلىدىم يەرگە.
كۆزۈمنى تۇمار قىپ ئېسىۋال تۇپراق،
ئايلىناي مەنمۇ ھەم ھەقىقىي ئەرگە.
چۈش دېگەنمۇ غەلىتە نەرسە،
چاشقانلارغا بولۇپتىمەن باش.
سۆزلەپتىمەن ئۇلارغا نۇتۇق،
كۆزلىرىمدىن تۆككىنىمچە ياش.
«كېچە دېمەك، گۈزەل شۇ قەدەر
قۇچاقلايتتى ئەركىنلىكىمنى.

www.uyghurkitap.com

مانا بۈگۈن جىمجىت كارىدور،
تۇغۇپ قويدى غەمكىنلىكىمنى.
خەۋەر تاپتىم بىر شۇم خەۋەردىن.
تېز كېتەيلى، ئەمدى بۇ يەردىن،
قايتىپ كەپتۇ بۈگۈن خوجايىن،
مۈشۈك بىلەن بىللە سەپەردىن.»

3

كەلگىن قىزىم، كەلگىنە تېزرەك،
ئېيتىپ بېرەي يېڭى بىر چۆچەك،
بەلكىم بوۋاڭ ئېيتىپ باقمىدى،
يۈرىكىنى تاشلاپ قاچقاننى.
سەنمۇ ماڭا ئېيتىپ بەر يەنە،
«مۈشۈك بىلەن ئوماق چاشقان»نى.



# قاراماي

خىيالچان بۇ چۆلدە شۇنداق بىر چۆچەك،
راۋابىنىڭ مۇڭىغا تەڭكەشتۇر پىنھان.
قۇياشقا ياتلىق بوپ خىجىلچان يۇلغۇن،
تۇغۇلغان ئىكەنمىش بىر ئۇلۇغ ئىنسان.

شۇ ئىنسان چۆل ئوغلى، ئەركىنلىك ئوغلى،
سۈكۈنات چۆلگە تۈنجى ئوق ئاتقان.
شۇ ئىنسان خىيالچان غەمكىن يوللاردا،
تۈنجى رەت كولدۇرما كۈيىنى چالغان.

ئەي دىيار، قوينۇڭدا شۇنداق تىلسىمات،
كۆرسەتتى ئۇيۇقتىن بىر نۇرلۇق نىشان.
قان - تەردىن پۈتۈلدى يېقىملىق شەھەر،
خارابە ئىچىدە كۈلگەندەك جانان.

ئەي گۈزەل قاراماي، سۆيۈملۈك دىيار،
سېھىرلىك لېۋىڭدىن بال تامغان ماكان.
گۆھىرىڭ جۇلاسى چاقناپ كۆزۈمدە،
تەۋەللۇت قىلماقتا يۇلتۇزلۇق ئاسمان.

ئۆتمۈشنى ئۇزاتتى كۈلگەن بىر بوۋاق،
بىر ئەمەس ھەتتاكى تۈمەن مىڭ ئوغلان.

www.uyghurkitap.com

ئەجدادلار ئىزىدىن قېپقالغان ھىجران،
ھە، مانا، ۋىسالدىن ئاتماقتا ۋولقان.

تارىخىنىڭ بويىنغا ئاسقان ئابىدە،
بۈگۈننىڭ كۆكسىدە قىلماقتا جەۋلان.
يىللارنى قېرىتقان ئىجاد بۇلبۇلى،
كېلەچەك ئىشقىدا ئۇرماقتا خەندان.

ئەي دىيار، ئانامنىڭ سېيماسىدۇرسەن،
روھىڭدىن بالقىغان كۆپلىگەن ئارمان.
بوۋامنىڭ ۋارىسى بولاي مەنمۇ ھەم،
ئىشقىڭدا يالقۇنلۇق ئوت بولۇپ يانغان.





[General Information]
书名=为爱者永生　维吾尔文
SS号=40219783